# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

كابۇل، 1940



ياۋروپا هۇن ئىمپېراتورلۇقى

غەربىي هۇن ئىمپېراتورلۇقى



بۈيۈك هۇن ئىمپېراتورلۇقى



ئاۋار ئىمپېراتورلۇقى

كۆكتۈرك ئىمپېراتورلۇقى



ئاق هۇن ئىمپېراتورلۇقى



قاراخانىلار دۆلىتى



ئۇيغۇر دۆلىتى



هازار ئىمپېراتورلۇقى



خارەزىمشاھلار دۆلىتى



بۈيۈك سالجۇق ئىمپېراتورلۇقى



غەزنىلار دۆلىتى



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى



بۈيۈك تۆمۈر ئىمپېراتورلۇقى



ئالتۇن ئوردو دۆلىتى

تارىخ بويىچە قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا
لەپىلدىگەن شانلىق بايراقلىرى



**مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا**

ئۈرۈمچى، 1948 - يىلى

(رەسىمنى «نيۇيورك تايمس» گېزىتى مۇخبىرى Frank Robertson تارتقان).

(۷۷۱)

# شرقی تورکستان نینگ ملی انقلابی توگادیمو یا دوام قیلماقده مو

بو سوال نینگ جوابیده - شرقی تورکستان اهالی سی نینگ روحیاتی نی تدقیق ایتگان و بو انقلاب نینگ نتیجه سیده سوماً اهالی نینگ یوراکی ده پرلاشکان حسیات دین خبر تاپغان و یا کره دنیا ملت لری نینگ تاریخی نی بیلگان کشی لر «توگادی» دیب جواب بیرادور . چونکه بولر فقط کوزغه کورونوش ده شرقی تورکستان اهالی سی نینگ توبیده یراغ یوتلوقی نی و دشمن نینگ تاپرتوقی نی کورمکده دورلر و بو سبب دین اهالی نینگ هیچ بیر حرکت غه قدرت سیز حالده تقدیرغه بویون ایگیب تورغانی نی انقلاب نینگ توگاگانی دیب حکم قیلماقده دورلر . و حاضرقی کونلرده دشمن نینگ هم یالغان پروپاگنده هم تاریخ تدهیش لری بیلان اهالی نینگ روحیاتی نی ازیب لنگ و ملی استعدادلری نی یوتالمک او جون فعالیت ده بولغانی و ملت نینگ خواهی اجتماعی و خواهی سیاسی حقوقی نی طلب قیلماقی غه هیچ امکان بیرمکانی بو دعواغه بیر دلیل صورتی ده کورونمکده دور ، وینه شرقی تورکستان نی تورت طرفی دین دنیانینگ انگ ایگیز تاغلری و اوق یالان چول لری احاطه قیلغانی و هیچ بیر تنگیزغه یاقین ایماسلیکی و تورو غدین هم مدنی مملکت لر دین اوزاق توشکانی دین عبارت

مۇئەللىپنىڭ ئۆز قولىيازما نۇسخىسىدىن بىر بەت



(٧٧٤)

لرنينگ موجود بولغانى بو يورت وملت نينگ غايت نورانى و سعادتليك
بير مستقبلغه قاووشماقى نينگ آچيق عاملى دور وبولرنينگ خواهيا
خارجده وخواهى داخلده ملكى بولغان قدر درست حركتده بولغانلريا
وبو حركات عمومى اهالى نينگ يوتاريقى مستحكم ايمانى وحسياتى غه قوشولوب
غايت نموا ونهايت فايده ليغ بير انقلاب حركتى دور
معلوم بولديكه شرقى توركستاننينگ انقلابى توكامدى وتار [illegible]
نعمتى حاصل بولغونچه بو انقلابنينگ توكانمگى امكانسيز دور

اولوغ وقادر تنگريميز دين بو فلاكت زده
بنده لريغه رحمت ونصرت و
دشمنلريغه غضب
وهزيمت
تيلايمز
آ [illegible] محمد امين

١٣٥٩ه ٩ ربيع الاول پنجشنبه - ١٩٤٠م ١٨-اپريل -

مۇئەللىپنىڭ ئۆز قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ئاخىرقى بېتى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ رەھبەرلىرىدىن
**مەرھۇم مەھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ**
بۇ ئەسەرى، 1987 - يىلى ئەنقەرە نەشرىگە ئاساسەن
دوختۇر مەھەممەد ياقۇپ بۇغرا تەرىپىدىن
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى بىلەن نەشرقىلىنىپ، تارقىتىلدى.

تىراژى: 2000 - 1
1998 ئەنقەرە

**بۇ كىتاب**
**يۇرت ۋە مىللەت**
**يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى**
**ئايىمىغان ۋەتەنپەرۋەر لەرگە**
**بېغىشلاندى.**

| | |
|---|---|
| **بىرىنچى نەشرى** | **كەشمىر ، 1941 ـ يىلى** |
| **مىللىي ئىنقىلاب قىسمى** | **كەشمىر ، 1970 ـ يىلى** |
| **تولۇقلانغان نەشرى** | **ئەنقەرە ، 1987 ـ يىلى** |
| **كىرىل ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نەشرى** | **ئالمائاتا ، 1991ـ يىلى** |
| **ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرى** | **ئەنقەرە ، 1998 ـ يىلى** |

( مۇئەللىپنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىشقا ۋە تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ ).

## مـۇنـدەرىـجـە

مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى ...................................... (xiv)
پايدىلانغان مەنبە ئەسەرلەر .......................................(xx)
تولۇقلانغان نەشرىگە كىرىش سۆز ...............................(xxii)
مۇئەللىپنىڭ تەرجىمەھالى ......................................... .(xxiii)
تەقرىزلار (بېغىشلىما) ........................................... . .(xxxiii)
كىرىل هەرپلىرى بىلەن كۆچۈرگۈچىدىن كىرىش سۆز ..............(xxxvi)
هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز .......................(xxxvii)

بىرىنچى باب: **ئومۇمىي تارىخ**

بىرىنچى بۆلۈم :
**ئومۇمىي تارىخنىڭ بىر خۇلاسەسى**(1)
1 ـ پەسىل. **تارىخ ئىلمىنىڭ ماهىيىتى** (2)
2 ـ پەسىل. **ئىنسان ئومۇمىي تارىخىنىڭ باشلىنىشى**(3)
ئىككىنچى بۆلۈم:
**تۈرك ئومۇمىي تارىخىنىڭ بىر خۇلاسەسى**
1 ـ پەسىل. **تۈرك تارىخىنىڭ باشلانغۇچى**(8)
2 ـ پەسىل. **تۈركلەرنىڭ مەدەنىي دەۋرىدىكى مەدەنىيەتى**(10)
3 ـ پەسىل. **تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرى** (13)
4 ـ پەسىل. **كۆچۈش دەۋرىدىن كېيىنكى تۈرك ئانا يۇرتى**(16)
قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق، (17) قەدىمكى تۈركلەردە تەشكىلات، (18) قەدىمكى تۈركلەردە هوقۇق، (58)قەدىمكى تۈركلەردە دىن(60)

ئىككىنچى باب: **شەرقىي تۈركىستاننىڭ خۇسۇسى تارىخى**
**شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە جۇغراپىيىسى** (27)
بىرىنچى بۆلۈم :
**رىۋايەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكىي تارىخى**(29)
ئىران رىۋايەتلىرى، (30) ئاسۇر رىۋايەتلىرى، (31) يۇنان رىۋايەتلىرى، (32) هىندىستان رىۋايەتلىرى، (34) تۈرك رىۋايەتلىرى، (36) تەنقىت ۋە مۇهاكىمە، (38) خۇلاسە، (42) ئاپراسىياپ مەرسىيەسى (43)

ئىككىنچى بۆلۈم:

**ئىسكەندەر دەۋرىدىن تارتىپ هۇن دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان** (49)

ئۈچىنچى بۆلۈم :

**شەرقىي تۈركىستاننىڭ هۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلغاندىن تارتىپ ئىسلامغىچە بولغان دەۋرى** (49)

1 ـ پەسىل. **بۈيۈك هۇن ئىمپېراتورلۇقى** (49)

هۇن دۆلىتىنىڭ كېڭەيگەنلىكى، (50) چىن ئۇرۇشى، (51) ياۋچى ئۇرۇشى، (52) ئۇغۇزخان ۋاپات قىلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر، (53) چىن هۆكۈمىتىنىڭ هۇنلارغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىتى ۋە هۇن ـ چىن ئۇرۇشى، (53) هۇن دۆلىتىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلەر، (55) هۇن تەگرىقۇتىنىڭ چىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى، (56) هۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، (57) هۇن دۆلىتىنىڭ ماهىيىتى، (58) هۇنلار دە دىنى ئېتىقاد، (60).

2 ـ پەسىل. **هۇن دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان** (60)

چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە مەغلۇپ بولغانلىقى، (61) چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىرىنچى قېتىم بېسىۋالغانلىقى، (62) شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستېلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى، (62) ئالتى ـ شەهىرخانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ، (62) شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدا 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش(63)

3 ـ پەسىل. **قۇشخان (كۇشان) ئىمپېراتورلۇقى**(66)

ئالتى شەهەرنىڭ قۇشخان ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلغانلىقى، (67) قۇشخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت، (68) شەرقىي تۈركىستاندا قۇشخانلارنىڭ تەسىرى يوقولۇپ خانلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى (70)

4ـ پەسىل. **سىيانپى بىرلەشمە دۆلىتى**(70)

چىن ئىستېلاسىدىن سىيانپى ئىتتىپاقىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق ۋە شىمال قىسىملىرى، (70) سىيانپى تۈركلىرىنىڭ ئىستىقلالى ۋە شەرقىي تۈركىستان، (71) شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىڭ ئىستىقلالى (72)

5 ـ پەسىل. **تۇپا تۈرك دۆلىتى** (73)

قۇجۇ ۋە ئالتى شەهەرخانلىقلىرىنىڭ تۇپا ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلغانلىقى، (74) تۇپا تۈركلىرى مەدەنىيىتى(74)

6 ـ پەسىل. **جۇجان ـ تاتار ئىمپېراتورلۇقى**(74)

تۇلۇن قاغاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى (75)

7 ـ پەسىل. **يەپتىل(هەفتال) ئىمپېراتورلۇقى**(76)

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەپتىل دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى(77)

**8 ـ پەسىل: كۆكتۈرك دۆلىتى(77)**

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆكتۈرك ئىتتىپاقىغا قېتىلغانلىقى، (78) قاغاننىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى، (79)

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، ئىككى كۆكتۈرك دۆلىتى ئارىسىدا چىن بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر، (81) شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى ۋە چىن ، (82) شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (83) غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە ئىچكى ئۇرۇش ۋە چىن تاجاۋۇزى، (84) غەربىي كۆكتۈرك قاغانىنىڭ ئىران شاھى يەزدىگەرد بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى، (85) غەربىي كۆكتۈركلەر نىڭ يېڭىدىن كۈچلەنگەنلىگى، (85) غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە تۈركىستانــغا چىن تاجاۋۇزى، (86) شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا تىبەتلىكلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى (88)

9 - پەسىل. **قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرى** (88)

كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ تىرىلىشى، (88)شەرقتە قۇتلۇق دۆلىتى، (88) غەربتە تۈركەش دۆلىتى، (89) قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى، (90) تۈرك قۇتلۇق دۆلىتى بىلەن ئىسلام ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر، (90) قۇتەيبەبىن مۇسلىم، مۇھەللەب بىن ئەبى سەفرە ،(91) بىر تارىخىي ھەقىقەت، (95) يەنە بىرتارىخىي ھەقىقەت، (85) شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكىي ۋەقەلىرى، (96) كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرى، (97) ئىچكىي سىياسەت، (97) دۆلەت تەشكىلاتى، (98) ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق، (99) ھۆنەر - سانائەت، (100) تىجارەت، (101) دىن، (101) ئۇرخۇن ئابىدەلىرى(102)

10 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى تۈركەش دۆلىتى**(103)

سۇلۇقاغاننىڭ ئەرەب ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقانلىقى، (104) سۇلۇقاغاننىڭ ۋاپاتى ۋە تۈركەشلەر دە ئىچكىي ئىختىلاپلار (120)

11 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستانغا يەنە چىن ئىستىلاسى**(111)

12 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى ۋە مىڭ يىلغىچە چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولغانلىقى(112)**

13 - پەسىل. **قارلۇق دۆلىتى** (112)

14 - پەسىل. **ئالتى شەھەر ۋە قۇچۇدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ۋە كىچىك خانلىقلار**(114)

15 - پەسىل. **ئالتى شەھەردە تىبەتلىكلەر نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىلاسى ۋە بۇ ئىستىلادىن قۇتۇلۇشى**(115)

16 - پەسىل. **شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتى**(115)

شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (117) شەرقىي ئۇيغۇر لارنىڭ دىنى، (118) شەرقىي ئۇيغورلارنىڭ مەدەنىيتى، (119) ئۇيغۇرىيېزىقى(121)

17 - پەسىل. **قەدىمكى زامانلار دىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە**(124)

تۈرك سىياستى، (124) چىن سىياستى127)

## تۆرتىنچى بۆلۈم :

## قاراخانىلار دەۋرىدىن موغۇل دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان (129)

### 1 ـ پەسىل. **قاراخانىلار دۆلىتى** (129)

قۇرۇلىشى، (129) دۆلەتنىڭ كېڭەيگەنلىكى، (130) شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى، (131) سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ غازاتلىرى، (132) مۇسا بۇغراخان، (133) هارۇن بۇغراخان، (134) غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانىلار دۆلىتىگە قېتىلغانلىقى، (134) قاراخان يۇسۇپ قېدىرخان، (136) سامانىي دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى، (137) ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سامانىلاردىن مۇنتاسىر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، (138) ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش(138) قاراخان يۇسۇپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ، (139) توغان ئىلىخان ۋە خىتاي ئۇرۇشى، (141) ئىلىكخان ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىق، (142) ئىلىكخانلارنىڭ قاراخانىلارغا ئاسىلىق قىلغانلىقى، (145) قاراخان يۇسۇپ قېدىرخاننىڭ سۇلتان مەھمۇد بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، (145) ئەلى تېكىن ئىلىكخاننىڭ ئىككىنچى ئىسيانى، (147) سەلجۇق ئوغۇللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تىگىشلىك تارىخچىسى، (149) قاراخان يۇسۇپ قەدىرخان ۋە ئەلى تېكىن ئىلىكخاننىڭ ۋاپاتى، (151) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، (152) ئىككىنچى هارۇن بۇغرا خاننىڭ قاراخانىلىق دەۋرىدىكى ۋەقەلەر، (153) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (155) قاراخانىلار دەۋرىدە ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي تەشكىلات، (156) قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، سانائەت، تىجارەت، ئاۋاتلىق ۋە تېرىلغۇ ئىشلىرى، (158) قاراخانىلار دەۋرىدە شەرەپ ئۇنۋانلىرى، (163) قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركلۈك ۋە تۈرك ئەدەبىياتى، (164) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ زاماندىش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئورنى، (166) قاراخانىلار ۋە بۇلار دىن بورۇنقى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ يىقىلىشلىرىدىكى سەۋەپلەر توغرىسىدا قاراش(167)

### 2 ـ پەسىل. **شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا قاراختاي دۆلىتى**(168)

قاراختايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغانلىقى، (170) گوبىلىك، گۇبياك خاتۇن ۋە تىرىگ خانلار نىڭ گۇرخان بولغانلىقلىرى، (172) ئىدىقۇت ۋە قىلىچخانلارنىڭ چىڭگىزخانغا تەۋە بولىشى(176) قاراختاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى،(177)كۈچلۈك دىگەن كىم؟ ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى، (178) بىر تارىخى ئۇيدۇرما توغرىسىدا، (180) قاراختاي دۆلىتىنىڭ تەشكىلاتى(183)

## بەشىنچى بۆلۈم: **شەرقىي تۈركىستاندا موغۇل دەۋرى**

### 1 ـ پەسىل. **چىڭگىزخاننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلاقىلىشى** (184)

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئەھۋالى، (186) چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان (186)

### 2 ـ پەسىل. **چاغاتاي خاندانى دۆلىتى**(187)

شەرقىي تۈركىستاندا ئۆكتاي خاندانىنىڭ هۆكۈمرانلىغى، (188) شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنە چاغاتايلارغا تەۋە

بولغانلىقى، (188) مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، (191) تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولغانلىقى، (192) تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى، (193) تۆمۈربەگ ئىسيانى، (196) تاشكۆۋرۈك ئۇرۇشى، (197) ئىلياس غوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى، (193) شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيان، (200) شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمدارلىرى ۋە تۆمۈربەگ ئوتتۇرىسىدا 10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش، (202) خىزىر غوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىك، (205) قەمرىددىن بەگنىڭ توختامىش خان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى، (205) شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكىي ئىختىلاپ ۋە قەمرىددىن بەگنىڭ ۋاپاتى، (207) تۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزى، (208) خىزىر خوجاخاننىڭ ئىجرا قىلغان ئىشلىرى(209)، تۆمۈر بەگنىڭ ئۆلۈمى (211) شىرمەهەممەد خاننىڭ خان بولغانلىقى، (213) شىرمەهەممەد ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، (214) ئۇۋەيسخاننىڭ خان بولغانلىقى، (216) ئۇچىنچى ئەسەن بوغاخان ۋە ئۇنىڭ پەرغانە نى ئالغانلىقى، (219) يۇنۇس خاننىڭ خان بولغانلىقى(221) يۇنۇس خاننىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە تاشكەنتنى پايتەخت قىلغانلىقى، (223) سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ئىككى مۇهىم خىزمىتى، (221) مەهمۇد خاننىڭ خان بولغانلىقى، (222) سۇلتان مەهمۇدنىڭ گورگانلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، (224) مەهەممەد شىبانى خاننىڭ خىيانىتى، (226) سۇلتان مەهمۇدنىڭ بابۇرمىرزا بىلەن مۇناسىۋىتى، (227) قەشقەر ئۇرۇشى ۋە ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئۈچىنى ئالغانلىقى، (228) سۇلتان مەهمۇدنىڭ شىبانى خانغا قارشى پائالىيەتلىرى، (229) شىبانى خاننىڭ تاشكەنتنى بېسىۋېلىشى، (230)خانلارنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغانلىقى، ئالاچەخاننىڭ ۋاپاتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب، (231) سۇلتان مەهمۇدخاننىڭ شېهىت بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر، (232) شەرقىي تۈركىستاندا چاغاتاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (233) چاغاتاي دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىدارىي ۋە تەشكىلى ئەهۋاللىرى (234)

3 ـ پەسىل. **ئالتى شەهەر دۇغلات هۆكۈمدارلىرىنىڭ تارىخچىسى**(239)

سۇلتان ئابابەكرى مىرزانىڭ ئالتى شەهەردە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقى، (242) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا نىڭ ئەقلىي نۇرمالسىزلىقى، (246) شەرقىي تۈركىستان دۇغلات دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (247) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا نىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى(250)

4 ـ پەسىل. **ئۆزبېك ۋە قازاق ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى**(252)

ئۆزبېك، (252) قازاق (254)

5 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا سەئىدىيە دۆلىتى**(255)

سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەرجىمەهالى، (255) مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان سەئىدخانغا بەيئەت قىلغانلىقى، (259) هىجرى 923 دىن 926 غىچە بولغان ۋەقەلەر، (261) هىجرى 927 دىن 9931 غىچە بولغان ۋەقەلەر، (262) شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسىملىرىنىڭ قولدىن كېتىشى، (263) بىلۇرىستان ۋە بەدەخشانغا يۈرۈش، ( 264) ئابدىرىشىت سۇلتاننىڭ ۋەلىئەهد بولغانلىقى ۋە كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ پەتهى، (265) سۇلتان سەئىد خاننىڭ ۋاپاتى، (268) ئابدۇرىشىت خاننىڭ سۇلتان بولغانلىقى (269) هىجرى940 دىن تارتىپ 1038 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر، (271)

ئابدۇللاخاننىڭ خانلىق دەۋرى، (273) ئابدۇللاخاننىڭ يىقىلىشى، (273) ئىسمائىل خاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجانىڭ تۈزكورلىقى، (274) سەئىدىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (275) سەئىدىيە دۆلىتىدە ئىدارىي تەشكىلات، ئەسكىرىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم - پەن ، مائارىپ ئەدەبىيات ئىشلىرى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي ھالىتى(276)

6 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا قالماق تاجاۋۇزى**(281)

قالماقلار نىڭ قىسقىچە تارىخى، (281 ئاپاق غوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئارىسىدىكى كۆرەشلەر، (285) ئاپاق غوجا ئەۋلاتلىرى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان (287)

**ئۈچىنچى باب: چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلىشى ۋە مىللىي ئىنقىلابلار دەۋرى**

بىرىنچى بۆلۈم :

**بىرىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى (290)**

1 - پەسىل. **چىن ئىستېلا تارىخىدىن تارتىپ مىلادى 1816 - يىلىغىچە ئىستىلاچىلار تەرەپىدىن شەرقىي تۈركىستان مىللىتىگە قىلىنغان زۇلۇم (291)**

2 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا چىنغا قارشى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب (297)**

3 - پەسىل. **چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى(298)**

4 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب (299)**

5 - پەسىل. **مىلادى 1815 - 1863 يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى(301)**

6 - پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب (302)**

ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابى(305) كۇچا ئىنقىلابى، (309) راشىدىن خوجىنىڭ يەكەن ۋە خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى(311) كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، (314) خوتەن ئىنقىلابى، (316) خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، (318) ھاجى پاشا نىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى، (321) قەشقەر ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى، (323) يەركەن ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى(324)

7 - پەسىل. **روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگىرىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى بېسىۋالغانلىقى(326)**

8 - پەسىل. **ياقۇپ بەگ (328)**

ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقى، (329) خوتەنگە يۈرۈشى، (329) كۇچاغا يۈرۈشى، (331) ياقۇپ بەگنىڭ كۆچلەنگەنلىكى، (333) تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىنى ئالغانلىقى، (333) ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، بەدەۆلەت ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغانلىقى، (335) ياقۇپ بەگنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، (336) ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىنىڭ تۇڭگانلار تەرەپىدىن ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىنغانلىقى، (237) چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى، (337) ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكىي قالايمىقانچىلىقلار (338) شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ يىقىلىشى، (340) ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەبىتلىگى، (341) ياقۇپ بەگنىڭ

ئىدارىي تەشكىلاتى(343) ياقۇپ بەگنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى ئورنى(344)
ئىككىنچى بۆلۈم :
**شەرقىي تۈركىستانغا تۆتىنچى قېتىملىق چىن ئىستېلاسى** (347)
1 ـ پەسىل. **مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان (347)**
2 ـ پەسىل. **روسلارنىڭ ئىلى ۋە يەتتە سۇنى بېسىۋالغانلىقى (348)**
3 ـ پەسىل. **چىن ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدا شەرقىي تۈركىستان(350)**
چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتلىق پىلانلىرى (351) مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي سىياسىتى، (352) شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى نۇپۇس ئىنقىلاش، (355) چىن(مانجۇ) ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەشكىلاتى(357)
4 ـ پەسىل. **چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان (358)**
شەرقىي تۈركىستاندا «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت»، (360) قارا سىپەچىلەر(گېلاۋخۇي ) جەمئىيى، (362)
5 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئويغۇنۇش (364)**
6 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنىڭ يوقىلىشى،(369)**
ياڭ زىڭشىننىڭ سىياستى ، (369) شەرقىي تۈركىستاندا سايلام ، (372) شەرقىي تۈركىستاندا فابرىكا ۋە سىمسىز تېلېگراف، (369) يا ڭ زىڭشىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي بايلىقىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قىلغان خىيانەتلىرى، (275) ياڭ زىڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى(379)
7 ـ پەسىل. **جىن شۇرېن دەۋرى (380)**

## تۆتىنچى باب: **شەرقىي تۈركىستاندا تۆتىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب**

**مۇئەللىپنىڭ تەھلىلى**(385)
1 ـ پەسىل. قۇمۇل ئىنقىلابى، (387)
2 ـ پەسىل. تۇرپان ئىنقىلابى، (391)
3 ـ پەسىل. خوتەن ئىنقىلابى(399)
4 ـ پەسىل. قارا شەھەر ، كورلا ، كۇچا ، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى(409)
5 ـ پەسىل. ئالتاي، چۆچەك ۋە غۇلجا ئىنقىلابلىرى(412)
6. پەسىل. ئالتە شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ يوقۇتۇلغانلىقى ۋە تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت (413)
7 ـ پەسىل. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەنلىكى(415)
8 ـ پەسىل. خوتەن قۇۋۋەتلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بوزۇلۇشى(416)

9 - پەسىل. غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالتى شەھەرگە كېلىشى، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى دەپ رەسمىي تونۇغانلىقى(423)
10 - پەسىل. تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى(424)
11- پەسىل. ئۈرۈمچىدىكى ھادىسىلەر(426)
12 - پەسىل. مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى(430)
13 - پەسىل. غوجىنىياز ھاجى ۋە تۇڭگانلار(432)
14 - پەسىل. يەنە خوتەن ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى(433)
15 - پەسىل. غوجىنىيازھاجىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە بەزى كۆزقاراشلار(436)
16- پەسىل. تۇرپان ۋە ئىلىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئالتى شەھەرگە يىغىلغانلىقى(438)
17 - پەسىل. 20 - رامىزاندىن زۇلقەدىنىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ۋەقەلەر(440)
18 - پەسىل. ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى(443)
19 - پەسىل. ئىنقىلابنىڭ پاجىئەلىك سەھنەلىرى(44)
20 - پەسىل. خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ نىڭ يىقىلغانلىقى(452)
21- پەسىل. ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى(455)
22 - پەسىل. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى(459)
ئىچكىي سىياسى ۋەزىيەت، (494) تاشقىي سىياسى ۋەزىيەت، (463)
23 - پەسىل. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى(464)
شېڭ شىسەي دېگەن كىم؟ (466)
ئاخىردا: شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى تۈگىدىمۇ؟ (467)

---

**رەسىملەر**...............................................**(471)**
**خەرىتىلەر**..............................................**(498)**

بۇ كىتابنى تەلەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۈچۈن ئادرىسلار.

مۇئەللىپىنىڭ كىرىش سۆزى :

بسم آلله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

ئوتتۇرا ئاسىيا غا جايلاشقان بۈيۈك تۈرك يۇرتى، هازىرقى زامان ئىستىلاھىدا غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدۇ[1]. بۇ تۈرك يۇرتى ھەرجەھەتتە ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دىيار. بۇيەر تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىنمۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ يېرى ۋە يۇرتى بولۇپ كەلگەن . دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىنسان ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان بىرجايدۇر. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا چاغلاردا بۇ جايلاردا ياشىغان تۈركلەر، ئۆز تارىخىنى ۋە ئىش ئىزلىرىنى مىڭلەرچە سەھىپىگە يېزىپ قالدۇرغان. ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقى پىكىر ئاسارىتى ئاستىدا ئىزىلمەكتە ئىدى . بۇ دەۋردە مىللىتىمىزنىڭ بار - يوق ھەرنەرسىسى غەرەزلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پىدا بولغىنىدەك، تارىخىمۇ قورقۇنچلۇق بىرخىيانەتكە ئۇچراپ قەدىمكى زاماندىن قالغان تارىخى ئەسەرلىرى يوقالدى. بۇلارنىڭ ئورنىنى غەرەزلىك ئۈيدۇرما ئەپسانىلەر ۋە خۇراپات ئىگەللىدى. شۇ زامانلاردا تۈركىستاندا بۈيۈك ئالىملار، مەشھۇر يازغۇچىلار كۆپ يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ زامانىنىڭ ئادىتى ۋە ئەتراپتىكى سىياسى مۇھىتنىڭ تەسىراتىگە بېقىندى بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئۆز مىللىي تارىخىغا ئەھمىيەت بەرمەستىن باشقا مەۋزۇلار ئۈستىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان. دوست ياكى دۈشمەن مۇئەللىپلەرنىڭ سۆزلىرىگە ھەدەپ ئەگىشىپ، ئۇلار نېمە دېگەن بولسا شۇ پېتى قوبۇل قىلغان. شۇ دەۋردە يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» ۋە باشقا تارىخ كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق بۇلار تۈركىستان ھەققىدە بەك ئاز ۋە چەكلىك بىرزامانىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەردەۋردە بىزگە دۈشمەن بولۇپ كەلگەن ئىران ۋە چىن قاتارلىق قوشنا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا تۈركىستان تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارخېلى كۆپ بولسىمۇ، بۇلارنىڭ تولاراق مەزمۇنى قەلەم ئىنتىقامى ۋە بىرتەرەپلىمىلىك كۆز قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىشەنچىگە لايىق ئەمەس. توغرا بولغانلىرى بەك ئاز. ئىسلام تارىخلىرىدىمۇ ئىسلام دەۋرى ۋە بۇنىڭغا يېقىنراق بولغان دەۋرلەرگە ئائىت بىرقىسىم مەلۇماتلار بار. تۈركىستان ياكى تۈركلەر تارىخىدىن سۆز ئېچىلمىغان.

بۈگۈنكى ئىلىم ۋە پەن - تەتقىقات دەۋرىمىزدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرى، تۈركىستاننىڭ تارىخىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى. گېئولوگىيە (يەرقاتلاملىرى ئىلمى)، ئېتنولوگىيە(ئىنسان گورۇھلىرى ئىلمى)، ئېتنوگرافىيە(مىللەتلەر نەسلىنى تەتقىق ئىلمى)، ئېپىگرافىيە(قەدىمكى يېزىقلارنى ئوقۇش ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيە(ئاسارە - ئەتىقە ئەسەرلىرىنى

[1] ئىستىلاھ - تېرمىن، ئاتالغۇ، دېگەن مەنىدە (ن. ش. ھ.).

تونۇش - بىكىتىش ئىلمى) قاتارلىق ئىلىم - پەنلەردىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنگىچە ھېچبىر تارىخچى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تارىخى ماتېرىياللىرىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە تۈركىستان مىللىتىنىڭ دۇنيادا ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر ۋە ئارخېئولوگلار نىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ۋە ھەرخىل ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق كەشپ قىلىنغان ئەسەرلەر نەتىجىسىدە تۈركىستان ئىلىدە ياشىغان تۈرك مىللىتىنىڭ 10 مىڭ يىلدىن ئۇزاقراق بىر زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بەكمۇ قەدىمىي ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۈستۈن مەدەنىيەت ۋە شەرەپلىك تارىخقا ئىگە بىرمىللەت ئىكەنلىكى دۇنياغا مەلۇم بولدى.

لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى چەتئەل تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە بولۇپ بۇلاردىن ھېچبىرى مۇستەقىل ياكى ئومۇمىي سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بەلكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر يۈز پارچىسىنى ئوقۇپ چىقسا ئاندىن تۈركىستان ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىرىشكىلى بولىدۇ. مانا بۇ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بىز تۈركىستان خەلقى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن ۋە ھەشەمەتلىك خاقانلىق دۆلەتلىرىدىن ۋاقىپ بولالمايمىز. بەزى كىشىلەر تۈركىستاننى تېخىچە تارىخى مەلۇم بولمىغان سىرلىق بىر مەملىكەت دەپ گۇمان قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ غەرەزلىك تەشۋىقلىرىغا ئالدىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردەك ئورۇنغا ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ.

بىزنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، دۈشمەنلەر ۋە ياكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىدىغان كىشىلەر ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ قەدىمكى ۋە يېڭى تارىخىمىزنى قەستەن بۇرمىلاپ، مىللىتىمىزنى تارىختا ھېچقاچان مۇستەقىل دۆلەت قۇرمىغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ قول ئاستىدا ياشاپ كەلگەن ۋە ئارقىدا قالغان بىرمىللەت دەپ كۆرسەتتى ۋەكۆرسىتىپ كەلمەكتە. لېكىن، بۇ غەرەزلىك كىشىلەر بىرمىللەتنىڭ تارىخىنى يوشۇرۇش «كۆندوزى كۆننى يوشۇرىمەن» دېگەندەك مۇمكىن بولمايدىغان بىرئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇسەۋەپلەر بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىم ۋە ئەزىز مىللىتىمنىڭ تارىخىغا ئائىت توغرا مەلۇماتلارنى توپلاپ، ئەزىزمىللىتىمگە ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى كۆرسىتىش ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ئەزىمەت ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆزەمگە بىر ۋەزىپە دەپ، بىلىپ كەلمەكتە ئىدىم. مۇساپىرچىلىك ھاياتىدا كابۇل، (ئافغانىستان) دىكى ئىمكانىيەت ۋە ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان ھازىرقى زامان مەنبەلىرىدىن شەرقى تۈركىستان تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار توپلاپ، بىرقانچە يىل تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇكىتابنى شەرقىي تۈركىستان شۆىسى بىلەن ھازىرلاپ، ئەزىز مىللىتىمگە تەقدىم قىلدىم.

بۇ كىتاب، شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ۋە ئۆزلۈكسىز مەدەنىيەتكە

ئىگە بولۇپ ياشاپ كەلگەن تۈرك قوۋملىرى ئائىلىسىدە، دۇنيامىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بىرمىللەتنىڭ تارىخىنىڭ ئازغىنە بىرقىسمىنىلا بايان قىلىدۇ.

بۇۋاقىتقىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئەۋلادىنىڭ قەلىمى بىلەن بۇنداق بىركىتاب يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇكىتاب بۇندىن كېيىن مىللىتىم ئىچىدىن يېتىشىپ چىقىدىغان ۋەتەنپەرۋەر بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشلىرى ئۈچۈن بىرئۈلگە ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن. شۇ كۈنلەردە ياشاۋاتقان مۇھىتىمنىڭ چەكلىك بىر دائىرە ئىچىدە بولغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كەمچىلىكلەر ۋە ئۆزەمدىن ئۆتۈلگەن سەھۋەن ـ خاتالىقلىرىم ئۈچۈن كىتابخانلاردىن ئۆزرە تىلەيمەن.

كىتابنىڭ ئىسمى توغرىسىدا شۇنى ئەسلىتىشنى خالايمەنكى، بۇئەسەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بۈگۈن چىن ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەرگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلىكلەردىن ئىبارەت. شۇنداقلا، تېخىمۇ كەڭ زېمىنگە تارقالغان «تۈرك ئانا يۇرتى» دا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرمۇ خۇلاسە قىلىپ بايان قىلىندى. ھەركىتابنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭدىكى بۆلۈملەرنىڭ مەۋزۇ باشلىرى، ئۇكىتابنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئىپادىلىشى تەبىئي ئەھۋالدۇر. كىتابىمىز نىڭ ئاساسى مەزمۇنىغا تىگىشلىك ئىسىم بۈگۈنكى كۈنلەردە چوڭ تالاش ـ تارتىش ئۈستىدە تۇرماقتا. چىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇمەملىكەتنى «شىنجاڭ»، يەنى، « يېڭى ئۆلكە» دەپ ئاتايدۇ. خەلقئارا دىپلوماتىيەدە «شىنجاڭ» نىڭ ترانسكرىپسىيەسى بولغان Sinkiang ئاتالغۇسى قوللىنىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ ئۆز ئىسمىنى قوللۇنۇشنى خالايدىغان ھەم بۈگۈنكى سىياسى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتىدىغان بەزى يۇرتداشلىرىمىز «چىن تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلماقتا. بەزىلەر غەربىي تۈركىستان ھازىرقى سىياسى قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ باشقا ـ باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، «شەرقىي» دېگەن سۆزنىڭ كېرىكى يوق يالغۇز«تۈركىستان» دەپ ئاتىساق يېتەرلىك دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

تۈرك ئىرقىغا مەنسۇب قەۋملەرئولتۇراقلاشقان يۇرتلارنىڭ ئەڭ شەرق قىسمىغا جايلاشقان بىر مەملىكەت بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئالىملار، ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ يۇرتنى«شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. «شىنجاڭ، چىن تۈركىستان» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار زامانىمىزدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھېچقانداق تارىخىي ۋە ئىلمىي ئاساسى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىسىملارنىڭ ھېچبىرى، ئىلمىي ئەسەر بولغان كىتابىمىزغا ئىسىم بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى سىياسەت ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىك، بىركېلىپ ـ بىركېتىپ تۇرىدىغان ھادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. داۋام خاراكتېرلىك، تەرەققى تەبىئەتلىك ۋە ئىلىم ساھاسىدا ئورۇن ئالىدىغان بىرئەسەر ھېچبىر زامان سىياسەت زەنجىرى بىلەن باغلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ، جۇغراپىيىلىك بىرئىسىم، سىياسەت بىلەن ئالاقىسى يوق، پۈتۈنلەي ئىلمىي بىرئىسىم بولغانلىقىدىن بۇ ئەسەرىمنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دەپ ئاتايمەن.

1930 - يىلدىن تارتىپ ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ بۇئىسمنى قوللاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇئىسمنى سىياسى ئاتالغۇ دەپ قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ، ئىنقىلابچىلىرىمىز يېڭىدىن ئىجات قىلىپ چىققان بىرئىسىم بولماستىن ئۇزۇن زاماندىن بىرى تارىخ ۋە جۇغراپىيە ساھەسىدە قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلمى بىرئىسىم. مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزبۇ ئىسمنى رەسمىلەشتۈرۈشتىن باشقا بىر ئىش قىلغىنى يوق.

**مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا**

ھىجرى 1359 - يىلى(مىلادى 1940 - يىلى، كابۇل).

## كىتابنىڭ ئىككىنچى قېتىم نەشرقىلىنىشىنىڭ سەۋەبى

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئاتلىق بۇئەسەرىم يۇرت تېشىدا ئۆتكەن 14 يىللىق مۇساپىرەچلىق ھاياتىمدىن، كابۇلدىكى ۋاقتىمدا (1934 - 1940- يىللىرى ئارىسىدا) داۋام قىلغان ئىلمي ئەمگەكلىرىمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇكىتابنى باستۇرۇپ نەشرقىلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان ھىندىستاندىكى«شەرقىي تۈركىستان بىرلىك جەمئىيتى»، 1941 - يىلى بۇئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە ئۇچاغدىكى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئىش توختاپ قېلىپ كىتابنىڭ تولۇق بېسىلىپ چىقىشى 1947- يىلى مۇمكىن بولدى. بۇبېسىلغان نۇسخىدىن قولۇمغا بىردانىسىلا تەگدى. بۇ باسمىدا تۆۋەندىكى كەمچىلىكلەرنى كۆردۈم:

1- باسما خاتالىقلىرى ناھايىتى كۆپ.

2 - باشتىكى قوشۇمچىلار بېسىلمىغان.

3 - كىتابنىڭ ئاياغ قىسمى بولغان 1930 - 1934 ئىنقىلابى ۋە شېڭ شىسەي دەۋرىگە ئائىت ۋەقەلەرنى باسماي قالدۇرۇپ قويغان.

4 - يۇرتىمىزنىڭ ھەر دەۋردىكى جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتىنى كۆرسىتىدىغان 23 پارچە خەرىتىنى باسمىغان.

5 - بېسىلىشى كېرەك بولغان رەسىملەرنى ھېچ باسمىغان.

6 - بەزى بىر جۈملەنچىگە قاراپ، بىرنەچچە يەرگە ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كەمچىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان نۇسخىنىڭ بارى 300 دانە بولۇپ يۇرت تېشىدىكى يۇرتداشلارغا ئاران يەتكەن. يۇرتقا كەلگىنى بەك ئاز بولۇپ خەلقىمىز ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنالمىدى.

مانا بۇ سەۋەبلەر كىتابنى ئىككىنچى قېتىم بېسىشنى زۆرۈر قىلماقتا ئىدى. يەنە بىر سەۋەب، كىتابنى باستۇرۇشقا بەرگەن چاغدىن بۇگۈنگىچە قولۇمغا كەلگەن قەدىمكى ۋە يېڭى ئەسەرلەر تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشقا داۋام قىلىشىمنىڭ نەتىجىسىدە تۆۋەندىكى يېڭىلىقلار مەيدانغا چىقتى:

1 ـ بىرىنچى باسمىدا يېزىلمىغان كۆپ مەلۇماتلارنىڭ قولۇمغا كېلىشى.

2 ـ كېيىنكى تەكشۈرۈش بىلەن سېزىلگان بەزى خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش ئېھتىياجى.

3 ـ بەزى مەزمۇنلارنى ئېنىقلاشنىڭ لازىملىقى.

مانا بۇ سەۋەبلەرگە بىنائەن، كىتابنى، يېڭى مەلۇماتلارنى قوشۇپ، بىرىنچى بېسىلغان نۇسخىسىدىن خېلى كەڭ،كەمچىلىكلىرى مۇمكىن قەدەر تولۇقلانغان ۋە سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىراق بىر ھالدا ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇشنى قارار قىلدىم [2]. شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى مۇھىم دەپ ھېساپلايمەنكى، بۇ كىتابنى تولۇق بىرشەرقىي تۈركىستان تارىخى دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلار بەك ئاز بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخىچە نەشىرمۇ قىلىنمىدى. بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمدا مەن قولغا كەلتۈرەلمىگەن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر بارئىدى. تارىخىمىز نىڭ بىلىنمىگەن تەرەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىمىزنىڭ 90% ى، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قىسمى تۇپراق ئاستىدا. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ ياتماقتا . مانا بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تارىخىمىز نىڭ دائىرىسى كۈنساناپ كېڭەيگۈسى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا
1948 ، ئۈرۈمچى.

2 1948 ـ يىلى، 6 ـ ئايغىچە بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ نەشرىنىڭ يۈز بەتكەيېقىن قىسمى ئۈرۈمچىدە مەتبەئەدىن چىققانىدى.كىرىش سۆزنىڭ بۇقىسمى، مۇئەللىپ شۇچاغدا يېزىپ ئىلاۋە قىلغان نۇسخىدىن ئېلىندى (ن . ش . ھ .).

## پايدىلانغان ئەسەرلەر

م. شەمسىددىن گۈنئالتاي، « *Müfassal Türk Tarihi* »، (تۈركچە)، 5 توم، ئىستانبۇل، 1933.

تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى، «*Türk Tarihinin Ana Hatları*»، ئىستانبۇل، 1931.

«*Çin Tarihi*» ئىنگلىزچىدىن تۈركچە تەرجىمىسى (مۇئەللىپ ۋە تەرجىماننىڭ ئىسمى ئېنىق ئەمەس).

مۇراد رەمزى (ۋاپاتى1935)، «تلفق الاخبار وتلقح الاسرارفى احوال قازان وبولغاروملوك التاتار» (ئەرەبچە)، 2 توم، ئورنبورگ، 1908.

Deguigne ، «هۇنلرڭ، تۈركلرڭ، موغوللرڭ ودها سائرتاتارلرڭ تاريخ عموميسى»، 1758. جاھىد يالچىن فرانسۇزچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان، 5 توم، ئىستانبۇل، 1923.

مۇھەممەد ھەزەري، «محاضرات تاريخ الامم اسلامية»، ئەرەبچە)، قاھىرە، 1936.

ئۇبۇلغازى باھادۇرخان (ۋاپاتى1663)، «شجرة الترك»، (ئەرەبچە)، رىزانۇر نەشرى، ئىستانبۇل، 1925.

سىيد زەيىين دەخلان، «الفتوحات الاسلاميه»، (ئەرەبچە).

Stanley Lanepool. «دول الاسلاميه»، 1889. ئىنگلىزچىدىن خ. ئەدھەم تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان نەشرى، ئىستانبۇل، 1927.

Stanley Lanepool، «طبقات سلاطين» ، ئىنگلىزچىدىن ئاباس ئىقبالنىڭ پارسچەتەرجىمىسى، (ئىسلام - ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نەسەپلىرى، تەختكە چىقىش مۇراسىملىرى ۋە تارىخلىرى)، 4 توم، تاھران، 1934.

مەھمۇد قەشقەرى، «ديوان لغات الترك» (تۈرك تىللىرى دىۋانى )، ئىستانبۇل، 1917.

Edvard Dugini، « تۆمۈرلەڭ» (ئاقساق تۆمۈر)، ئىنگلىزچىدىن ن. تەۋفىق تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان، ئىستانبۇل، 1931.

Namuk Kemal Orhun *"Eski TürkYazıtlari"* (قەدىمكى تۈرك يېزىقلىرى) ، 3 توم، ئىستانبۇل، 1936.

موللا مۇسا سايرامى(كۇچالىق مۇسائاخۇن)، «تاريخ امينيه»، (تۈركچە)، قازان، 1904.

مۇھەممەد فەرىيد ۋەجىيدى، « دائرة المعارف القرن الرابع عشر العشرين»، (ئەرەبچە)، قاھىرە، 1936.

مىرخەندە مۇھەممەد خاۋەندشاھ، «روضة الصفا فى سيرة الانبياء و الملوك والخلفاء»، (پارسچە)، 7 توم، بومباي، 1804.

رەشىددىن فەزلىللاھ (ۋاپاتى 1318)، «جامع التواريخ»، (پارسچە)، 2 توم، لوندون، 1911.

مىرزاھەيدەر دۇغلات (ۋاپاتى 1551)، «تاريخ رشيدى»، (پارسچە) قولىيازما نۇسخىسى ۋە DensonROSE نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، لوندون، 1895.

جورجىي زەيدان، «تاريخ تمدن اسلامى»، (ئەرەبچە)، قاھىرە، 1902.

«تاريخ سيستان»، (پارسچە)، مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس ، 1732 ـ يىلى تاھراندا يېزىلغان ۋە 1938ـ يىلى نەشرقىلىنغان.

مىرزا زەھرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ (ۋاپاتى 1530)، «بابرنامە»، (تۈركچە)، لوندون 1905.

ئەزىزىددىن ئىبنۇلئەسىر (ۋاپاتى1231)،«الكامل في التاريخ»، (ئەرەبچە)، 13توم، قاھىرە، 1883.

ئەبۇ سەئىد بىن زاھاك ئەلگەردىزى، «زين الاخبار»، (پارسچە)، 1040 ـ يىلى يېزىلغان ، تاھران، 1937.

ئەبۇلفەزل بىن ھۆسەيىن ئەلبەيھەقى(ۋاپاتى1077)، «تاريخ بەيهيقى»، (پارسچە)،كالكۇتتا 1862.

ئەبۇنەسر ئابدۇلجاپپار ئەلئۇتبى(ۋاپاتى 1036)، «تاريخ يمينى»، (ئەرەپچە)، 2 توم، 1868 قاھىرە نەشرىدىن، ناسىھ جەنزفارقاتى نىڭ پارسچە تەرجىمىسى، تاھران، 1893.

مۇھەممەد ئەزەم كەشمىرىي، «تاريخ كشمير»، (پارسچە)، سىرىنەگەر، 1936.

«تاريخچەء افغانستان»، (پارسچە)، ئافغانىستان ئەدەبىيات جەمئىيىتى، كابۇل، 1932.

«تاريخچەء آسيا»، ئافغانىستان ئەدەبىيات جەمئىيىتى، كابۇل، 1933.

*Encyclopedia Britanica* ، 14 ـ نەشرى، لوندون، 1929.

بارتولد، «ايران تاريخى وجۇغرافياسى»، رۇسچە ئەسەرىدىن پارسچە تەرجىمىسى، 1903.

ئالائىددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى (ۋاپاتى 1283) ، «تاريخ جاهانكشائى»، (پارسچە)، لوندون،1937.

ئاۋرۇلشتايىن. *Ancient Khota*n «قەدىمكى خوتەن»، (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد،1911 نەشرى.

ئاۋرۇلشتايىن، *Sri India* ، (ئىنگلىزچە) 5 توم، ئوكسفورد،1921 نەشرى.

ئاۋرۇلشتايىن، «*The Inner Asia*» ، (ئىنگلىزچە) 5 توم، ئوكسفورد، 1928 نەشرى.

موللاقاسىم ھىندشاھ، «تاريخ فرشته»، (پارسچە)، 2 توم، بومباي، 1831.

ياقۇت ئەلئەماۋىي (ۋاپاتى1229)، «مجمع البلدان»، (ئەرەبچە)، 7 توم، 1866 لايپزىك نەشرى، 1906، مىسىر نەشرى، 10 توم.

مۇھەممەد بىن ئەلىي ئەلشابانگرائي، «مجمع الانساب»، (پارسچە، قولىيازما).

قازى مۇنھاجىددىن ئەبۇئۆمەرئوسمان جۇرجانىي (ۋاپاتى 1288)، «طابقات ناصرى»، (ئەرەبچە)، كالكۇتا، 1864.

پەندىت ھەرگوپال، «تواريخ گلدستەء كشمير»، (ئوردۇچە)، سىرىنەگەر، 1935.

**H.Geep** «*The Arab Conquest in Central Asia*» ئىنگلىزچەلوندون، 1923

ھۆسەيىن نامۇق ئورھۇن، «هونلر»، (تۈركچە) ئەنقەرە، 1935.

## تولۇقلانغان نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

**پاتىمە بۇغرا**

ئىيۇن1987. ئەنقەرە.

ئۇلۇغ تەڭرىمگە شۈكۈر! بۇ ئەسەرنى مۇئەللىپنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق شەكىلدە نەشرقىلىش. يېزىلىشىدىن 47 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۈگۈن بىزگە، نېسىپ بولدى. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ماددىي ياردەملىرىنى ئايىمىغان ھىممەتلىك ۋەتەنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن[3].

ئەسەرنىڭ مەتنى (تېكستى) مۇئەللىپ ئۆزقەلىمى بىلەن يازغان قولىيازما نۇسخىسىدىن رەتلەندى. بۇ ئەسەر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇندىن 40 ـ 50 يىل بۇرۇن قوللانغان ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ نەمۇنىسى بولغاچقا، بۇئالاھىدىلىككە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن تارتىندوق. لېكىن، ياش كىتاپخانلارنىڭ بۇخىل ئىملالارنى ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، خەلقئارا ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈركچىسىنىڭ يېزىق شەكىللىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر سىلىشتۇرما جەدۋىلىنى قوشۇپ قويدۇق .كېرەكلىك يەرلەردە ھىجرى يىلنامىلىرىنىڭ يېنىغا ياكى ئورنىغا مىلادى يىلىدىكى تەڭداشلىرى بېرىلدى.

رەڭلىك خەرىتىلەرنى مۇئەللىپ ئۆزى سىزغان. رەڭسىزخەرىتىلەر، سىزما رەسىملەر ۋە فوتو سۈرەتلەر نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كىتاپنى مۇنداق زىننەتلەشتە بىزگە بۇئىمكاننى يارىتىپ بەرگەن تارىخ تەتقىقاتچىلىرىدىن باھائىددىن ئۆگەل، ئەمەل ئېسىن خانىم، ئاندرىيۇفوربىس ۋە ئېرىك نايىمان قاتارلىق ئالىملاردىن ۋە «يىپەك يولى» نى فىلىمگە ئالغان جۇڭگو ـ ياپۇن ئارخېئولوگىيە ھەيئىتىگە مىننەتدارمىز.

ئەسەرنىڭ كۆپرەك قىسمى (بىرىنچى نەشرى)1941 ـ يىلى كەشمىردە مەرھۇم مەتقاسىم ھاجىم دامۇللام باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشرقىلىنغان. قالغان قىسمى(شەرقىي تۈركىستان مىللى ئىنقىلاب قىسمى ئىسمى بىلەن) مەرھۇم قارىقاش ئىلاجىم (ئەلى رۇزى ئەلخوتەنلى) نىڭ خىراجىتى بىلەن، 1971 ـ يىلى كەشمىردە مەتقاسىم ھاجىم دامۇللام تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ھەر ئىككى نەشرى 300 تىراژدا بېسىلغان بولۇپ، خەرىتىلەر ۋە رەسىملەر بېسىلماي قالغان. مۇئەللىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ۋەتەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى. ئەسەرنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ يېڭىباشتىن يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ تۇرغىنىدا 1965 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ.

[3] ياردەمدە بولغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تىزىملىكى1987 ـ يىلدىكى نەشرىدە بېرىلدى ( ن. ش. ھ.).

بۇندىن 4 ـ 5 يىل بۇرۇن مۇھتەرەم زۇنۇن ھاجىم، مۇئەللىپنىڭ ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەسەرنى يېڭىباشتىن رەتلەپ نەشر قىلىشنى تەكلىپ قىلدى،كېرەكلىك خىراجەت بىلەن تەمىنلىدى[4]. بۇتەكلىپكە بىنائەن بىز بىرمەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن رەتلەشتە، ئەگەر، بىزنىڭ ئۆز ئىپادىمىزدىن بىرنەرسە قوشۇلۇپ قالغان تەقدىردە بۇنىڭ تېكىستىكى مۇئەللىپنىڭ شەخسىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قىلىش جەھەتتە توغرا بىرھەرىكەت بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇئەسەرنى ئۆز پېتى بىلەن بىرتوم قىلىپ نەشر قىلىشنى شۇنداقلا مۇئەللىپنىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ ئۇيغۇن بولغان شەكىلدە نەشرقىلىشنى، ئەسەرگەكېرەكلىك ۋەسىقەلەر، ئىزاھاتلار ۋە قوشۇمچە مەلۇماتلار نى بولسا ئىككىنچى بىر توم قىلىپ نەشرقىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇك. ئىككىنچى تومغا كىرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ يېرى بۇنەشردە ئۇششاق رەقەملەر بىلەن كۆرسىتىلدى.[5]

**نەگۇ ئول تىرىكلىك نەگۇ ئول ئۆلۈم؟**
**قايۇ دىن كىلەر مەن قايۇقا يولۇم؟**
( ھايات نېمە يۇ ـ ئۆلۈم نېمە، قاياقتىن كەلدىم، قاياققا يول ئالدىم )

( يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1070 ـ مىلادى.(قۇتادغۇ بىلىگ ، 1135 ـ بەيىت)

———:::::::::———

[4] بۇخىراجەت ئۈچۈن تەمىن قىلىنغان مىقتار 20.000 دوللار .

[5] قولىڭىزدىكى نەشردە بۇ ئىشارەتلەر ۋە قوشۇمچە جەدۋەل قويۇلمىدى (ن. ش. ھ.).

## مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1901- يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھەرئىچىدىكى خەلىپىلىك ھويلا مەھەللىسىدە ئورتاھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى فەرىددىن ھاجىم، خوتەننىڭ مۆتىۋەر دىنى ئالىملىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز قېرىنداشى بىلەن ئانىسى سكىنە بانۇخانىمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى[6]. بۇغرا 9 يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى، 21 يېشىداخوتەن ۋە قارىقاشتىكى مەدرىسلەردە يۈكسەك دىنىي ئىلمنى ئىسلام بىلىملىرى ساھەسىدە پۈتتۈردى. 1922 - يىلدىن 1933- يىللىغىچە قەدەر خوتەن ۋە قارىقاشتا قۇرئان تەفسىرى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدە باش مۇدەررىسلىك ۋەزىپىلىرىدە بولدى. ئۈستۈن ئىلمىي قابىلىيتى ۋە يېقىملىق شەخشىيتى بىلەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە ئەتراپتا نام قازانغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي زاتلىرىغا بېرىلىدىغان «ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. بۈگۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى مەرھۇمنى «ھەزرىتىم» نامى بىلەن ياد ئەتمەكتە.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ياش چېغىدىن باشلاپلا، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە شېئىرلار يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمدا ئەرەبچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنى ھەر پۇرسەتتە زامانىۋىي ئىلىملەر بىلەنمۇ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشقان. شۇ دەۋرلەردە تەشەببۇس قىلىنغان «مائارىپتا يېڭىلىققا كۆچۈش» ھەرىكىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. مائارىپتا يۈرگۈزۈلگەن يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتچىلىق تەرەپدارى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇ زاماننىڭ مۇتەئەسسىپ كىشىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قارىقاشتا ياش مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى تەشكىللەپ، زالىم مۇستەملىكچى چىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، مىللىي تەڭسىزلىكى ۋە ئېزىشلىرىدىن خەلقىمىزنى قانداق قۇتۇلدۇرۇش يولىدا چارە - تەدبىر ئىزلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش بىلەن باشلىغان. مۇھىتىدىكى ناھايىتى يېتەرسىز ۋە ئاز ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشتىن باشقاخوتەندىن ھىندىستانغا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئەرەبىستانغا بارغان ھاجىلار بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىغان. بۇ كىشىلەر چەت ئەلدىن ئېلىپ كەلگەن گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولغان . نەتىجىدە كۆڭلىدە، ئۆز ۋەتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش زوقى تۇغۇلغان. بۇغرا بۇنىڭ بىلەنلاچەكلىنىپ قالماي 30 - يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم

[6] سەكىنە بانۇ خانىم، 1836 - يىلى خوتەن مۇستەقىل خانلىقىنى قۇرغان ئابدۇراھمان پاشا نىڭ پەيغەۋرىسى(ن. ش. ھ.).

شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، بۇجايلاردىكى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى ۋە خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى قاتارلىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ ئۆگەنگەن. دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۆتىۋەر ساۋۇت دامۇللام قاتارلىق زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەن. نەتىجىدە، **چىن زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇ ۋەزىيىتىدە قوراللىق مىللىي ئىنقىلابىدىن باشقا چارە يوق**، دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا رەھبەرلىكىدە بىر يوشۇرۇن «مىللىي ئىنقىلاب كومىتېتى» تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇغرا قوماندانلىقىدا 1932 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قارىقاشتا باشلانغان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، 1934 ـ يىلى7 ـ ئايغا قەدەر غەربتە، يېڭىساردىن تارتىپ شەرقتە، بولغان جايلارچىن مۇستەملىكىچىلەر دىن ئازات قىلىندى. ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلغان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىغا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە مۇھىم ياردەملەر قىلىندى. بۇتارىختىن باشلاپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەن مۇجاھىدلىرى باش قوماندانى بولۇپ «ئەمىر ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن، چەت ئەلدە بولسا «خوتەن ئەمىرى» دەپ تونۇلدى.

1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىلتارىست تۇڭگان ماخۇسەننىڭ ھۇجۇملىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان پامىر ۋە ۋاخان تاغلىق رايونلىرىدا « قوراللىق يىغىلىش ۋە يۇرتقا قايتىش» پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇغرا «ئابدۇللاخان ياركەندى» دېگەن ئىسمىنى قوللانغاندى. شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستان ۋە كەشمىرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇتاش بولغان «بۇرۇغىل» جىلغىسىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىن پارتىزانلىق تاكتىكىسى بىلەن بىرقىسىم زېمىن ئىگەللەپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئورۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارارقىلدى. لېكىن ئافغانىستاننىڭ چېگرا رايونىدىكى «ۋاخان» قەبىللىرىدىن سېتىپ ئالغان قوراللار ۋە ۋەدە قىلىنغان باشقا ياردەملەرقولغا كەلمىدى[7]. غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان روسلار ۋە ھىندىستاندا ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ئىنگلىزلار ئۆز چېگرالىرى ئەتراپىدا بۇمىللىي ئازاتلىق ئۇچقۇنلىرىدىن، يەنى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قوراللىق كۈرەشلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. بىتەرەپلىك سىياستى ئىجرا قىلىۋاتقان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ھەقتە ئەندىشىلىك ئىدى. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىريىل دۋام قىلغان چېگرىدىكى ئاكتىپ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، ئافغانىستانغا چېكىنىشكە

7 بۇغرا نىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن شرىئەلىخان ھاجىم، مەتقاسىم ھاجىم دامۇللام ۋە غاپپارھاجىملارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئافغان قەبىللىرى بىلەن بولغان بۇ كېلىشىم ئەسلى ئافغان بولغان يەكەنلىك قۇربانىللا دېگەن كىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، قورال ـ ياراقلاردىن باشقا قوراللىق1000 كىشىلىك ئاتلىق بىرئەترەت بىلەن ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا تەخمىنەن بىرمىليون سەر كۆمۈش تۆلەنگەن ئىكەن. ئەمما، ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ كېلىشىمگە خيانەت قىلىشى بىلەن بۇلار ئەمەلگە ئاشمىغان (ن.ش. ھ.).

مەجبۇر بولدى ۋە 1942 ـ يىلغا قەدەر كابۇل شەھرىدە سىياسى مېھمان سۈپىتى بىلەن ياشىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. خەلقئارا دىكى مەشھۇر كىتاپخانىلار ۋە تارىخى تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماتېرىيال توپلىدى. تۆت يىلللىق جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسىدە، مىللىتى ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئۆز پەرزەندىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەتراپلىق بىر تارىخى **«شەرقىي تۈركىستان تارىخى»** كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ئالدى بىلەن گومىنداڭچىلار كېيىن،گوڭسەنداڭچىلار ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچى ھاكىمىيتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ تونۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغىنىش يالقۇنلانغانسېرى ئۇلارنىڭ بۇ ئەندىشىلىرى تېخىمۇ ئاشماقتا. چىن كوممۇنىست پارتىيىسى ئىچىدىكى ئىدېئولوگىيە تەربىيە مۇتەخەسسىسى بولغان چيەن بۇچۈەنىڭ، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ ۋە 24 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا رەددىيە» دېگەن ئۇزۇن باياناتىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

« مۇھەممەت ئىمىن (بۇغرا) بۇ كىتابىدا، يات مىللەتلەرنىڭ (خەنزۇلارنى كۆزدە تۇتىدۇ) تۈركلەرگە قىلغان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسى زۇلمىنى پاش قىلىپ، يات دۆلەت (جۇڭگونى دېمەكچى) نىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ قېلىشتا بىرئۆلۈش كۈچ بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئېپتىخارلىنارلىق ئىش بولاتتى دېگەن. دېمەك، ئۇ بۇيەردە بۇ كىتابىنى يېزىشتىكى غەرىزى ـ ئۆزمىللىتىنىڭ ۋەتەننى( مۇستەقىل بولغان شىنجاڭنى دېمەكچى) سۆيۈش، مىللىتىنىڭ ھاياتىنى قوغداش، ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. قىسقىسى، مەھەممەت ئىمىن بۇرۇن قولىغا قورال ئېلىپ ئاتاكېغا ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغان بولسا، قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىپ، يەنە ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.گەرچە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ماھىيىتى تامامەن بىردەك. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى دەپ، داۋراڭ سالغان ۋە قەدىمكى ۋەتىنىمىزنى جۇڭگونىڭ بىرقىسمى ئەمەس ئىدى، شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل ئىدى، دېگەن سەپسەتىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلغان .... شىنجاڭدا زىيالىلار ۋە باشقا ياشلارئارىسىدا تۈرك مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدە 1932 ـ يىللىرى مەمتىمىن بۇغرا يېتەكچىلىكىدە يۈزبەرگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتاۋى ئاساسى ئىدېئولوگىيىلىك رول ئوينىماقتا. ... مۇھەممەت ئىمىن بۇ كىتابىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيا دىكى

ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش دېگەن. بۇ شىنجاڭدا يېڭىدىن پەيدا بولغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى.... شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمى ئەدەپ كەتتى، تارمىللەتچىلىك كەيپىياتى بىرئاز ئۆسۈپ قالدى، ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر قۇتراپ كېتىشتى. مەھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» كىتاۋىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى يېڭىباشتىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ..... ھەردەرىجىلىك پارتىيە رەھبىرى ئورگانلىرى بۇخەۋپنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ. بۇنىڭغا قارشى چارە-تەدبىر ئېلىشى لازىم...»

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1937- يىلى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىرقىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « قصائد وطنيه» (قاسائىدى ۋەتىنىيە) شېئىرلىرى توپلىمىنى بېسىپ تارقاتتى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرسى. ئىنقىلاب قوشۇنىدا زامانىۋى بىلىمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ يوق دېگۈدەك ئاز بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلاردىن بىرقانچىسىنى ئافغانىستانغا ئېلىپ كېلىپ، پەننى مەكتەبلەردە ئوقۇتتى ۋە بۇلاردىن بەزىلىرىنى تۈركىيىگە ئەۋەتىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بۇ ئۆزگىرىشلەردىن پايدىلىنىش بىلەن ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى«قەلەم كۈرىشى » يولى بىلەن، يەنى، سىياسى ۋە ئېدىيىۋىي سەپلەردە ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھىس قىلدى ۋە چىن ھۆكۈمىتى بىلەن دىئالوگ ئورنىتىشنىڭ يوللىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.

شۇ پەيتتە(1940 ـ يىلى) ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن چىن مۇسۇلمانلىرى دوستلۇق ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئافغانىستانغا كەلگەنىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرى ھەققىدە ئەيسا ئالپتېكىن بىلەن ئۇزۇن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىپ، بىر پىكىرگە كېلىشتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا. خاتىرىسىدا بۇ مۇزاكىرىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئەيسا بەگدىن جاڭ كەيشى قاتارلىق چىننىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ ئەۋەتتىم. بىرمەزگىلدىن كېيىن چىن ھۆكۈمىتىدىن مېنىڭ ھىندىستانغا كېلىپ جۇڭگو ـ تۈركىستان ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاپ خەت كەلدى....» مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئەركىن ۋە كەڭتاشا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرىگە كەلدى[8]. بۇقېتىم كالكۇتتىدىكى چىن باش كونسۇلى چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ

[8] ھازىرقى پاكىستاندا(ن. ش. ھ.).

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ۋە چاپسانراق چىنگە كېتىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چىنغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇۋاتقان ئىنگلىز دائىرىلىرى، ياپون ئۇرۇشىنىڭ ھىندىستانغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بىر مەزگىلدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دەك بىر مىللىي ئازاتلىق رەھبىرىنى «خەتەرلىك ئۇنسۇر» دەپ پىشاۋۇر، مەركىزى تۈرمىسىدا نازارەت ئاستىغا ئالدى. 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، چىنغا كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1945 - يىلىغا قەدەر چۇڭچىڭ(چىننىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پايتەختى) دا تۇردى. بۇ مەزگىلدە چىن ئىستېلاچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، سىياسىي مىللىي ئىنقىلاب ئېلىپ باردى. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ئازاتلىق داۋاسىنى ئاڭلاتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ كېلىشىدىن ئىلگىرى چىنغا كېلىپ، ئۇلتۇراقلاشقان مىللىي مۇجاھىد سەپداشلىرى دوختۇر مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، قادىرئەفەندى سامانى ۋە ئىسمائىل ئەفەندى قاتارلىقلار بىلەن «يۇرتداشلار جەمئىيتى» دە سىياسىي ساھادا بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. چىن خەلق ئاممىسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش، ھۆكۈمەت بېشىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان «چوڭ چىن مىللەتچىلىك» سىياسىتىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىن نەشرىيات، ئاخبارات ئورگانلىرىدا چىنچە چىقىدىغان گېزىت، ژورناللاردا ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلارچىن ئەپكار ئاممىسى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى.

قەلەم كۈرەشلىرى داۋامىدا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ماقالىلىرىدىن بىرى 1944 - يىلى 10- ئاينىڭ 12 - كۈنى، چۇڭچىڭدا چىقىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى«داگۇڭباۋ» دا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئەمەس شەرقىي تۈركىستان» ۋە « شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر» دېگەن ماۋزۇلاردىكى ماقالىلار ئىدى. ئىلمىي بەس - مۇنازىرە شەكلىدە داۋام قىلغان بۇماقالىلارمەھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئاتاقلىق چىن مىللىيەتچى تارىخ ئالىمى لى دۇڭفاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چىننىڭ بىر پارچىسى، دەپ، ئوتتۇرىغا قويغان «داگۇڭباۋ» دىكى ماقالىسىغا رەددىيە بېرىپ يېزىلغان ماقالىلىرى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىلمىي ئاساستا ۋە پۈتۈنلەي چىن تارىخى ماتېرىياللىرىنى پاكىت قىلىپ، رەددىيە بەرگەن بۇماقالىلىرى ئالدىدا لى دۇڭفاڭ «جاۋاپسىز» قالدى ۋە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي ۋە ئاشكارا مۇنازىرىلەر چىن پارلامېنتىدا، چىننىڭ داھىسى سۇن جۇڭسەننىڭ ئوغلى دوختۇرسۇن باشچىلىقىدىكى بىرتۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرگۇرۇپپىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. چىننىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن تارىخشۇناس جيەن بۇجەن، تىلشۇناس گومورۇ ۋە ماجۇڭيىڭلار

بۇغرانى يوقلاپ كېلىپ، تەبرىكلىدى ۋە ھېسداشلىق قىلدى. مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، 1943 - يىلى چىنىنىڭ ئاساسى قانۇن تۈزۈپ چىقىش قۇرۇلتايىغا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرتەكلىپ لايىھەسىنى بەردى. بۇتەكلىپ لايىھەسىنىڭ مۇھىم ماددىلىرىدا «شىنجاڭ» دېگەن سۆز نى «تۈركىستان » دەپ تۈزۈتۈلىشىنى ھەمدە تۈركىستان مىللىتىنىڭ «تۈرك» ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق بىرشەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

1945 - يىلى، چىندا يالغۇز بىرپارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان تۈزۈمدىكى گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇلتايىدا چىن دۆلەت باشلىقى شەرقىي تۈركىستانغا قارشى قارار چىقارماقچى بولغاندا، مەجلىستىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ مەجلىسنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنى(بويقۇت قىلىشنى) قارار قىلغاندا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قىلچە ئىككىلەنمەستىن چىن دۆلەت باشلىقى قاتناشقان قۇرۇلتاينى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. بۇ چىنىنىڭ قۇرۇلتايلىرىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر نارازىلىق ھەرىكىتى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بۇ ھادىسە ھەققىدە خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «**مەجلىس باشلاندى. مەن مەجلىس رەئىسى ئولتۇرغان سەھنە ئالدىغا كەلدىم. يىغىن زالىغا بىرقاراپ چىقتىم ۋە ئودۇل ماڭغان پېتىم زالدىن يۈرۈپ، يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. پۈتۈن ۋەكىللەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى. بۇ بىر «بويقوت» ئېلان قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەت بولدى. مەندەك يالغۇز بىر كىشىنىڭ مەجلىسنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كېتىشىگە باشقىلار ئانچە پەرۋامۇ قىلماس ئىدى. لېكىن، مەن بۇنى ۋەتىنىم ئۈچۈن بىر شەرەپ نامايىشى دەپ بىلىپ، ئاقىۋەتىنىڭ نېمە بولىشىغا ھېچ پەرۋا قىلماستىن بۇ ھەرىكەتنى قىلدىم.**»

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەردە تېخىمۇ راتسىئونال بىر سىياسەت ئىجرا قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى سەزدى.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى. شەرقىي تۈركىستاندا ۋەزىيەت بەكمۇ ئېغىر ئىدى. گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي ئېككى يۈزلىمىچىلىك سىياسەت يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئىشلار ئېغىزدا بىرخىل ۋە ئەمىلىيەتتە باشقا بىرخىل ئىجرا قىلىنماقتا ئىدى. ۋەدە قىلىنغان ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى قەغەز يۈزىدىلا قالدى. چىن ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىككىنچى سىنىپ پۇقرا قاتارىدا تۆۋەن كۆرۈپ، ھاقارەتلەپ، مۇئامىلە قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي بايلىقىنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق تالان - تاراج قىلىپ ئىچكىرىگە توشۇماقتا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قارشى پائالىيەت باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىي ئويغىنىش، مىللىي سەۋىيىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئاساس قىلغان ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. چىندىن يېڭى قايتىپ كەلگەن

سەپداشلىرى مەسئۇد سەبرى ۋە ئەيسا ئالپتېكىن بىلەن بىرلىكتە، «ئالتاي ژورنىلى» ۋە «ئەرك» كۈنلۈك گېزىتىدە ماقالىلار ئېلان قىلىپ، مىللەتنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەتلەر قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە مېۋە بىرىشكە باشلىدى. بۇ ۋەزىيەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستاندا بىر سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى سەزدى ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى» نى قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىنى تاماملىدى. بۇقېتىم روس كونسۇلى ۋە چىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشى چىقتى. نەتىجىدە، پارتىيە رەسمىي پائالىيەتكە ئۆتەلمىدى. چىن مەخپىي ساقچىلىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. خوتەندە سايلام ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە بارغاندا چىن ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن پىلانلانغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نى ئۆلتۈرىۋېتىش سۈيىقەست پىلانى پاش بولۇپ قالدى. كېرىيىدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان خەلق ئۈستىگە چىن ئەسكەرلىرى ئوق چىقىرىپ يەتتە كىشىنى ئۆلتۈردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستاندا 1947 - يىلى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە تەمىرات نازىرلىقىغا تەيىن قىلىندى. شۇنداقلا «ئەرك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە ئۇيغۇرئۇيۇشمىسى ئىلمىي ھەيئەت رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپەلەردە بولغان. ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇنىنىڭ پەخرى پروفېسسور ئۇنۋانى بىلەن دەرس بەرگەن ۋە بىرقانچە ئىلمىي كونفرانسلاردا دوكلاتلار بەرگەن. ئۇنىۋېرسىتېت تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئاتوم ئېنېرگىيىسى» ئۈستىدە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ، كۆپ تەسىر قوزغىغان. 1948 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

1949- يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان چىن كوممۇنىستلىرى تەرەپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندا ئائىلىسى ۋە بىرقىسىم سەپداشلىرى بىلەن ھىندىستانغا ھىجرەت قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ ئىككىنچى مۇھاجىرەت ھاياتى باشلاندى. بۇجەرياندا كوممۇنىست دەھشىتىدىن ۋەتەننى ۋە بار- يوق ھەر نەرسىسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان مىڭلارچە شەرقىي تۈركىستانلىق كەشمىرگە يىغىلغان ئىدى. بۇلار ئۈچۈن دەرھال بىرئىنسانى ياردەم، يەنى، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشلىرىنى قويۇپ ياتالىغدەك بىرماكان تېپىش كېرەك ئىدى. غەربىي تىبەتتە يەنە، يۈزلەرچە كىشى پانا تىلەپ، چېگرادىن ئۆتۈش ئۈچۈن تۇپلانغان ئىدى. ئۇلار ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چىن ئەسكەرلىرى ۋە چېگرانى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ھىندىستان چېگرا قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان ئىدى، مانا بۇلارنى دەرھال ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە تېپىش مۇھاجىرلىرىمىز ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق بىرمەسىلە ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەھۋالغا كۆرە، بەزىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى باشلىغى»، «سابىق شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي ۋالى مۇئاۋىنى» ۋە بەزىدە « پانا

ھايات ـ ماماتلىق بىرمەسىلە ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەھۋالغا كۆرە، بەزىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى باشلىغى»، «سابىق شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي ۋالى مۇئاۋىنى» ۋە بەزىدە « پانا تىلەپ چىققان يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەكىلى» سۈپىتىدە كەشمىر ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋە تاشقى ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقە باغلاپ، مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەيسا ئالىپتېكىن ۋە باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان جاپالىق تىرىشچانلىقلىرى قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە نەتىجە بەردى ۋە مۇھاجىرلار ۋاقتلىق بولسىمۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشىگە ئېرىشتى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىماس قىلىپ، مۇھاجىرلىرىمىزنى تۈركىيىگە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى . 1952ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىنىستىرلاركابىنېتى رەسمىي قارارنامە ماقۇللاپ 1850 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق پانا تەلەپ قىلغۇچىلارنى «ئىسكانلىق (ئولتۇراقلاشقان) كۆچمەن» سۈپىتى بىلەن تۈركىيىگە كېلىپ يەرلىشىشنى قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك 1949ـ ۋە 1952 ـ يىللىرى ئارىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ تۇرغان يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئىقامەت (ئولتۇراقلىشىش رۇخستى) مەسىلىرىنىمۇ يۇقىرىقىدەك تىرشچانلىقلار بىلەن ھەل قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1952 ـ يىلى تۈركىيەگە كەلدى ۋە 1955ـ يىلى تۈركىيەجۇمھۇرىيىتى پۇقرالىقىغا ئۆتتى. بۇ ، دۇنيادا «سوغۇق ئۇرۇش» نىڭ تازا ئەۋج ئالغان دەۋرى بولۇپ، تۈركىيە «غەرپ دۇنيا» سېپىگە مەنسۇپ بولغان ۋە كورىيە(چاۋشەن) ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى. بۇغرا بۇ ۋەزىيەتتە، سوۋېت رۇسىيەسى ۋە چىن كوممۇنىستلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە غەربىي تۈركىستانلىق. كافكاسىيە، ئىدىل ئورال ۋە ئەزەربەيجانلىق مىللىي رەھبەرلەر بىلەن «تۈرك ـ بىرلىكى»، «تۈرك ئورتاق فرونتى» غا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، 1953 ـ يىلى ئىستامبۇلدا، تۈركچە« Türkistan » ئىسىملىك ئايلىق ژورنال چىقاردى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ داۋاسىنى ۋە جاپالىق كۈرەشلىرىنى تۈرك خەلقىگە ۋە پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىدى. 1956 ـ يىلى تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە تىللىرىدا «تۈركىستان ئاۋازى» ئىسىملىك ژورنالنى چىقاردى. ئەرەپ ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ۋەتەن داۋاسىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ «ئازاتلىق رادىئوسى» ۋە « ئامېرىكا ئاۋازى» قاتارلىق رادىئولاردىن سۆزلىگەن تۈركچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە نۇتۇقلىرى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە، پۈتۈن دۇنيادا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ياڭرىدى.

1952 ـ يىلىدىن باشلاپ، دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى بولدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەككە، باغدات، كاراچى، تاھران ۋە قاھىرە قاتارلىق يىغىنلىرىغا قاتناشتى. 1958 ـ يىلى

دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە بولۇپمۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە كۈچ سەرپ قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شۇيىللار دا: *DoĝuTürkistan'ninTarihi,Coğrafi ve Şimdiki Durum* (1952 - يىلى، ئىستانبۇل) ۋە *DoĝuTürkistaninHürriyet Davasi ve Çin siyaseti* (1954 - يىلى، ئىستانبۇل) ئەسەرلىرىنى نەشىرقىلدى. بۇلاردىن كېيىنكىسى تەيۋەن (گومىنداڭ) ھۆكۈمىتى دۆلەت ئەربابى جۇجياخۇا بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ بۇ ھەر ئىككى ئەسەرجۇمھۇرىيەت تۈركچىسىدىن، ئىنگلىزچىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى.

ئۇندىن باشقا، شۇچاغلاردىكى گومىنداڭنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى يالغان - ياۋىداق باياناتلىرىغا قارىتا رەددىيە بېرىپ ماقالىلەر ئېلان قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مەيلى ياش تالىپ ياكى مۇدەررىسلىك چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۈرۈمچىدە، چۆچەكتە، مەيلى كەشمىردە، پامىر تاغلىرىدا بولسۇن، ئەنقەرەدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە بولسۇن، ئۇيغۇرچە - تۈركچە، ئەرەبچە، فارسچە، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ياكى ئېلان قىلىنمىغان، 1400 مىسراغا يېقىن شېئىرلىرىدا باشتىن - ئاخىر قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانىنى، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك جەسۇر روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ پامىرتاغلىرىدىكى سەپىرى جەريانىدىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان ئېپىك داستانى، «شۈكقارىم» ناملىق لىرىك شېئىرى، « ۋەتەن بىزنىڭدۇر» قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ قايغۇسى بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ، خەلقنىڭ دەردى بىلەن تەڭ يىغلايدىغان ئىچكى روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بەرسە، «ئويغان مىللەت، سىلكىن، توپلان» قاتارلىق شېئىرلىرى مىللەتنى ھۆرلۈك، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىدۇر.

بۇغرانىڭ تۈرلۈك شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلىرى تىلىنىڭ رەڭدارلىقى، ئىستىلىستىك ۋاستىلىرىنىڭ بايلىقى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلىگى ۋە تۇراق، ۋەزىن، قاپىيىلىرىنىڭ مۇكەممەللىگى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئەدەبىي قىممىتىنى نامايان قىلماقتا.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ پۈتۈن ھاياتى دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن يولىدا جاپا - مۇشەققەتلىك، تىلارغاگە داستان بولىدىغان، قىلىچ ۋە قەلەمى بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئۇ شەخسىي ھاياتىدا مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئاددى - ساددى ياشىدى. بۇجەسۇر ئىرادىسىنى چوڭ ئۈمىتلەر بىلەن داۋام قىلىۋاتقان بىرچاغدا ئۇنىڭ ھارماس يۈرىكى 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، چۈش ۋاقتى بىلەن، ئەنقەرەدىكى ئۆيىدە سېلىشتىن توختىدى. مەرھۇمنىڭ جىنازىسى رەسمى دۆلەت مۇراسىمى بىلەن تۈركىيەجۇمھۇرىيىتىنىڭ ئال بايرىغى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايراقلىرىنى يۆپۈق قىلىپ ئەنقەرە دىكى ئەسرى مازارلىقتا دەپنە قىلىندى.

بۈگۈن، بۇغرانىڭ تۇپراق بېشى ئەنقەرەگە يولى چۈشكەن ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ چوقۇم زىيارەت قىلىدىغان بىر يېرى بولۇپ قالدى.

ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن !

## نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى

«**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**» - بىرىنچى نەشرى كەشمىر، 1941 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى(**مىللىي ئىنقىلاب قىسمى**)كەشمىر، 1971 - يىلى. **تولۇقلانغان نەشرى** ئەنقەرە، 1987 - يىلى.

«**قصائد وطنيه**» - ( ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە شېئىرلىرى توپلىمى) كابۇل، 1942 - يىلى.

«**ۋەتەن قايغۇسى**» - (تولۇقلانغان شېئىرلار توپلىمى) ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

«**قەلەم كۈرىشى**» -(ئۇيغۇرچە) بىرىنچى نەشرى ئۈرۈمچى، 1947 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

«**قۇتلۇق تۈركان ئوپېراسى**»-( ئۇيغۇرچە) بىرىنچى نەشرى ئۈرۈمچى، 1948 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

«Türk Yürtlarında Arab -İslam Futuhatı» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1954 - يىلى.

«Doğu Türkistan'ın,Tarihi Coğrafi ve Şimdiki Durumu» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1952 - يىلى.

« Doğu Türkistan'ın Hürriyet Davası ve Çin Siyaseti» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1954- يىلى.

«Doğu Türkistan Kızıl Muhtariyeti Red eder» (تۈركچە) ئەنقەرە، 1955 - يىلى.

«Taşkent Konferansın'in İç Yüzü ve Kominist MemleketlerdekiYazarların- Durumu» (تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە) ئەنقەرە، 1959 - يىلى.

« Tibet ve Doğu Türkistan Hakkında Bilinmeyen Siyasi Konular » (تۈركچە)1959- يىلى.

«Dehli Konferansı ve Tibet» (تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە) ئەنقەرە، 1960 - يىلى.

«Doğu Türkistanda Radioaktif Serpintimı ya Kızıl Komplomu?» (تۈركچە) ئەنقەرە، 1961 يىلى.

«Şarki Türkistan ve Hürriyet Savaşları» (تۈركچە)، ئەنقەرە، 1962 - يىلى.

### تەرجىمە ئەسەرى:

«**تارىخ رشيدى**»: مىكرو فىلىمگە ئېلىنغان ئورگىنال قولىيازمىسى، پارسچە نۇسخىسى ۋە بىرىنچى تومىنىڭ

جۇمھۇرىيەت تۈركچىسىگە تەرجىمىسى. ( بۇماتېرىياللارنىڭ بىر فوتوكوپىيىسى بۇغرا ئائىلىسى تەرەپىدىن ھاجى نۇرھاجى ئارقىلىق چىن تارىخ پەنلىرى ئاكادېمىيىسىگە بېرىلدى).

---

**نەشىر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلىرى:**

شەرقىي تۈركىستان تارىخى 2 ـ توم (ئورگىنال ۋەسىقىلەر ۋە ئىزاھاتلار قىسمى).

خەلقئارا يىغىنلاردا سۆزلەنگەن نۇتۇقلار.

خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، ھۆكۈمەتلەرگە يوللىغان مۇختىرا (مېمۇراندۇم) لار ۋە مەكتۇپلىرى.

گېزىتچى ۋە ژورنالىستلارغا بەرگەن باياناتلىرى.

دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئالىملار بىلەن يېزىشقان خەتلىرى.

نوت (شەخسى قىسقا خاتىرە) لىرى ۋە مەكتۇبلىرى.

بۇغرا ئالبوملىرىدىن تاللانمالار(فوتو رەسىملەر) .

———— ::::::: ————

## تەقرىز (بېغىشلىما) لار

**ميان ھەسەنخان**

كابۇل دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى

( ئەسلى يەركەنلىك)

كابۇل، 1940

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پىداكار مىللەتچىسى، بۈيۈك مۇجاھىدى تالانتلىق ئالىم مۆھتەرەم مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەتلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقارغان بۇقىممەتلىك ئەسەرى، ھەقىقەتەن شەرقىي تۈركىستان مىللىتى ئۈچۈن مىسلىسىز ھەدىيە ۋە بىر خوشاللىق بىشارىتىدۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنداق ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بىرئەسەرنىڭ يالغۇز بىر زات تەرەپىدىن رەتلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىشى، بەكمۇ مۇشكۇل مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ، تىنىم تاپماي تىرىشىش ۋە كۆرەش قىلىش بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئەجەبا! شۇنچىلىك جاپا مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، ھارماستىن تىرىشىپ، بۇ قەدەر كۆرەش قىلىشتىكى مەقسەت ۋە تۈيغۇ نېمە؟ ئۆزىنى كۆرسىتىشمۇ؟ ياكى شۆھرەت قازىنىشمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ۋە يىللار مەشغۇل بولۇپ، ئۆتمۈشتە قالغان، ھەتتا، ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بۇ تارىخى ھادىسىلەرنى ئىككىنچى قېتىم جانلاندۇرۇپ ۋە تۇنجى قېتىم مىللەتنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى بۇ پەخىرلىنىشكە لايىق ۋەقەلىكلەر بىلەن زىننەتلەپ جابدۇغان تۈيغۇ ۋە مەقسەت، ھەرقانداق بىر تەمەننا ۋە شۆھرەت قازىنىش ئارزۇسىدىن تامامەن پاك بىر ئالى غايە ۋە مەپكۇرىدىن

ئىبارەتتۇر. يۇرەككە يەرلەشكەن ۋەتەن ئىشقى ۋە پۈتۈن روھنى قاپلىغان مىللەت قايغۇسىدۇر. بۇ زات چوڭقۇر ئىلمى ۋە ئاساسلىق ھىسسىياتلىرى بىلەن شۇنى چۈشۈنۈپ يەتكەنكى، تارىخى مەلۇم بولمىغان مىللەتنىڭ ئەسلى ـ نەسلى ۋە تىگى ـ تەكتىمۇ مەلۇم بولمايدۇ. بۇخۇددى بىر كىشىنىڭ شەخسى ھاياتىدا، ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەرنى ئەسلىمىگىنىدە، ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغىنىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر مىللەت ئىجتىمائىي ھاياتتا تارىخسىز بىر مىللىي ۋەقەنى ياخشى چۈشۈنۈپ توغرا تەھلىل قىلالمايدۇ. ئۆتكەن ۋەقەلىكلەر يالغۇز، بولۇپ ئۆتكەنلىكى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى، ۋەقەلىكلەر نىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ھاياتىمىز ئۈچۈن غايەت زور تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر.

بىرمىللەتنىڭ ئويغۇنۇشى ۋە ئۆزىنى تونۇشى، شۇ مىللەت ئىچىدىن چىققان تارىخچىلىرىنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى يەنە، تارىختىن مەلۇمدۇر. ئۆتمۈش تارىخى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى، بىر تەرەپتىن ئۆتمۈشىنىڭ قاراڭغۇلىقى يەنە بىرتەرەپتىن كەلگۈسىنىڭ بىلىنمەسلىكىدىن ئىبارەت گۇمانلىق ۋە پەرىشان بىر مەنزىرىدە قالىدو. چۈنكى، بىرمىللەتنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قىيىن مەسىلىلىرى ئۆتمۈشتىكى ھادىسەلەردىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىش بىلەن ھەل بولىدۇ.

بىرمىللەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى دەۋرى، قۇرغان ھەشەمەتلىك دۆلەتلىرى، غەيرەتلىك كۆرەشلىرى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شانلىق تارىخى ئۇمىللەتنىڭ روھىي جەھەتتە ۋە مىللىي مەدەنيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئەڭ زور تەسىركۆرسەتكۈچى ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ مۆھتەرەم زات مەزكۇر ئەسىرنى يېزىپ چىقىپ ۋە نەشىرقىلىپ، بۇ ئۇلۇغ غايەلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ مىللى ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمنى تەبرىكلەيمەن. بۇئەسەرنى ئوقۇغان چاغلىرىدا ئۆتمۈشتىكى بىرھېكايىنى ئوقۇپ چىققاندەك ئەمەس، ھەربىر پەسلىنى ھەر بىر بابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر ئاز بولىسىمۇ مىللەت ۋە ۋەتەن چۈشەنچىسى بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇپ قويۇشنى سورايمەن.

**ئىسمائىل ھېكمەت بەگ**

*تۈركىيەھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇپەتتىشى،*

*ھازىر ئافغانىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى مەسلىھەتچىسى.*

*كابۇل، 1940*

مانا بۇ، بىرتۈرك ئوغلىنىڭ قولى بىلەن قۇرۇلغان ئۆلمەس تۈرك ئابىدىسى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى». بۈيۈك تۈرك ۋەتىنىنىڭ بۈگۈن كۆپلىگەن تۈركلەر تەرىپىدىن تامامەن دېگۈدەك ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر بۇلۇڭى بولغان شەرقى تۈركىستان، بۈگۈن بۇ قىممەتلىك ئەسەر سايىسىدە خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۈزۈلۈپ چىققان قۇياشتەك كۆز ئالدىمىزدا پارلىماقتا. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ ئەزىز پارچىسى ھەققىدە، ھىندىستاندا تۈرك ئىمپېراتورلىقىنى قۇرۇپ چىققان ئۇلۇغ پادىشاھ، بابۇرشاھنىڭ تۇغقىنى بولغان مىرزا ھەيدەر دوغلات بىر بىباھا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنى كۆرۈش ھەركىمگە نېسىپ بولمىغان.

ھاياتتا، تارىخنى ياراتقۇچىلار ۋە تارىخنى يازغۇچىلار بولىدۇ. بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم بىرەر خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پەقەت، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى، ئەمىر مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەتلىرى ھەم تارىخ ياراتقۇچى ھەم تارىخنى يازغۇچى، ئۇ مەسئۇد، بەختلىك، قەھرىمان بىرتۈرك ئوغلىدۇر. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن جانلانغان، ئەلەملىرى بىلەن يىغلىغان. تېخى ئانا قۇچىقىدا ئىكەن، ئانىسىنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىدا، ياشلىقىدا قوشاق ۋە ناخشىلاردا، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىدا پىداكارلىق ئەپسانەلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئاڭلاپلا قالماستىن، بۇلار مېڭىسىگە، يۈرىكىگە نەقىشلىنىپ، سىڭىپ كەتكەن. ۋەتەنىنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئۆزىنىڭ دەردىدەك سەزگەن ۋە ھاياتى بويىچە خەلقىنى بۇ ئىزتىراپلاردىن چوقۇم قۇتقۇزۇشقا چىن قەلبىدىن قەسەمىيات قىلغان. ئالدىغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قەھرىمان ئەجداتلىرىنىڭ شان ۋە شەرەپ يادىكارى بولغان ئۆتكۈر قىلىچىنى قولىغا ئالغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ جان ھەمراسى بولغان ئاتقا ئاتلانغان بۇغرا، ئەجداتلىرىدىن قالغان ئۆچمەس شەرەپ دەستانلىرىنىڭ بىر يېڭىسىنى تارىخ سەھىپىلىرىگە يازدى. ھەرخىل ھادىسىلەرگە كۆكرەك كېرىپ، تاقابىل تۇرۇشتىن ئەسلا چېكىنمىگەن بۇغرا، ئۆزىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ھارماي ـ تالماي ئېلىشىپ، ئاخىرىدا، ۋەتەنداشلىرى سېغىنغان غەلىبە ۋە مۇستەقىللىقنى قولىغا كەلتۈردى. ئەپسۇسكى، كاج تەلەي ئالدىدا چارىسىز قالدى. مۇبارەك ۋەتىنىنى قېنى ۋە جېنى بىلەن قوغداش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈز تىرىشقان بۇ قەھرىمان، غىلىپىغا سېلىپ قويغان قىلىچى بىلەن قەلىمىنى ئۇشلاپ، ۋەتەن ئۈچۈن يېڭى بىرجەڭگە ئاتلىنىپ، بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبە ئابىدىسىنى تىكلىدى. مانا بۇ ئابىدە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دۇر.

## كىرىل ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرگۈچىدىن

**باتۇر راشىدىن**
ئالمائاتا، 1991

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ تارىخ، ئۇيغۇرتارىخى بويىچە ئۆز مىللىي تارىخچىمىز يازغان ۋە تۈنجى مۇكەممەل بىرئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب، كېيىن يېزىلغان شەرقىي تۈركىستان تارىخلىرىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالماقتا.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىش خىتاي ھەم روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مونوپولىسىدە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە تارىخ يېزىپ بېرىش مەقسىدى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدىكى، بۇ، چارىسىز، خەلقىنىڭ ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش پسىخولوگىيىسىنى ئۇلاردا شەكىللەندۈرۈشتۈر. مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن تېڭىلغان ئەشۇ خىل ئەكسىيەتچى، ساختا تارىخچىلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن مەزكۇر شەرقىي تۈركىستان تارىخى، بىز ئۈچۈن ئۆز تارىخىمىزنىڭ ھەقىقەتىنى بىلىشتە ۋە مۇستەملىكىچى تارىخچىلارغا قارشى رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك قورال بولۇپ كەلدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا زامانىسىدا، 1920 ـ 1940 ـ يىللىرى تۈركى خەلقلىرىنىڭ تارىخى بىر تۇتاش «تۈركىستان تارىخى» سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەنىدى ۋە بەلكى، بۇ تارىخ ھازىرقىدەك ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز غا ئوخشاش خەلقلەرگە بۆلۈنۈپ قارالمىغان. شۇنداقلا، 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر مىللىتى رەسمىي شەرقىي تۈركىستان مىللىتى دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن، كونا ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زاتلىرى يەنىلا تۈركچىلىك (تۈرك مىللىتىنىڭ بىرلىك غايىسى) نىڭ پرىنسىپىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكەن. شۇڭلاشقا مىللەتنىڭ بۇ خىل تۈركلۈك چۈشەنچىسى ئۇنىڭ مەزكۇر ئەمگىكىگە باشتىن ئاياغ سىڭگەنلىكى ئېنىق. ماھىيەتتە، ئۇيغۇرلار (شۇ جۈملىدىن پۈتۈن تۈركى خەلقلەر) تارىخىنى كەڭ ھەم چوڭقۇرچۈشىنىشتە، تۈركلۈك چۈشەنچىسى بىلەن تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى بىرتۇتاش قاراش ئۇسۇلى تارىخ ئىلمىدا كام بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇ مەنىدە، مۇئەللىپ ئۆز ئەمگىكىنى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى ئومۇمىي تۈركى خەلقلىرى تارىخىنىڭ بىر بۆلۈمى ھېساپلايدۇ. ئۇيغۇرىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق مىللىي ئۆلكىلەرنى «بىرپۈتۈن تۈركىستان» ئىچىدىكى بۆلۈنمىلەر دەپ ۋە بۇ تۈركى خەلقلىرىنى تۈركىستاننىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ ئىگىلىرى ھېساپلايدۇ. شۇڭا تارىخچى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئومۇمىي تۈرك تارىخ مەسىلىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

كۆچۈرۈش ئىشىدا شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇئەللىپ ئەسلىدە كونا ئۇيغۇرچە (چاغاتاي) ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇرتىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە ياشىغانلىقى

ئۆچۈن، شۇ ئارىلىق دەۋر تىلىنى بۇ كىتابتا قوللانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كونا خەت ئىملاسىمۇ بۇ كىتابتا هۆكۈم سۈرگەن. بۇهال بىزنى تۆۋەندىكىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇرقىلدى:

(1) مۇئەللىپنىڭ تىلى، جۈملە تۈزۈش شەكلى، ئاتالغۇلار بىلەن ئىسىملەرنى قوللىنىشى، يېزىش شەكلى قانداق بولسا شۇنداق بېرىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلدۇق. بىراق، هازىرقى يېزىش قائىدىسى شەرت قىلىندى. مەسىلەن، «هەيبەتلىك» دېگەن سۆز«هەيۋەتلىك»، «يازىلغان» دېگەن سۆز«يېزىلغان» دەپ ئېلىنغانغا ئوخشاش(2) ئەرەپچە، پارسچە ۋە باشقا بىرقىسىم ئاتالغۇلار تىرناق ئىچىدە ئىزاهلاندى.

(3) سۆز ئاخىرىداكېلىدىغان «دۇر» ۋە«لار» غا ئوخشاش قوشۇمچىلار ئېلىنمىدى. «ئۇلتۇرماقتا بولغان» دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم بىرلەشكەن سۆزلەر«ئولتۇرغان» دەپ ئېلىندى.

———:::::::::———

## هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن

**دوختۇر مەھەممەد ياقۇب بۇغرا**

ئەنقەرە، 1988

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا هاياتى داۋامىدا قىلىچى ۋە قەلىمى بىلەن مىللىي زۇلۇم، تەكسىزلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئىنقىلابىنىڭ قان ۋە مىلتىق دۇرىسى پۇراپ تۇرغان مۇھىتلىرىدا چېنىقتى. جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزىدىن قاتمۇقات كۈچلۈك بولغان دۈشمەنگە چۇماق، نەيزە ۋە قىلىچ بىلەن كۆكرەك كېرىپ قارشى تۇردى. مۇساپىرچىلىكنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك كۈنلىرىدە ۋەتەن ۋە مىللەت ھەسرىتىدە كۆيدى. سىياسەت مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە ئۈستۈن ناتىقلىق تالانتى بىلەن ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشتى. ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن شەرقىي ـ تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى ۋە قوغدىدى. مەيلى چىندە ۋە ياكى چەتئەلدە بولسۇن، تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەردە قايىل قىلارلىق ماقالىلىرى بىلەن قارشى تەرەپنىمۇ ھەيرانلىقتا قالدۇردى. خەلقئارا سەھنىدە بولسا، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلگەن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان زۇلۇم، تاجاۋۇز ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى ئاڭلاتتى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان دۈشمەنلىرى تەرەپىدىن قەستەن بۇرمىلانغان ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ھارماي ـ تالماي ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن بۇ كۈرەشلەرجەريانىدا تەجرىبىلەرنى ماھىرلىق بىلەن يەكۈنلەپ، ئىنقىلابىنىڭ زامان ۋە ماكان

مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلدى. قورالىق قوزغىلاڭدىن باشقا چارە قالمىغاندا خەلقنى باشلاپ، قوزغالدى. چىن ھۆكۈمىتىگە ۋە پارلامېنتىگە كىرىش ۋە سۆزلەش پۇرسىتى كەلگەندە قانۇن ۋە قائىدە ئۈستىدە تۇرۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. مانا يۇقىرىقىدەك بوران ـ چاپقۇنلۇق ھاياتتا چېنىقىپ، يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىرشەخسىيەت، يەنى، ھەم ئىنقىلاپچى، ھەم دۆلەت ئەربابى، ھەم شائىر ۋە تارىخچى ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مىللەت ئۈچۈن ئىشلەشتە بىردەم بولسىمۇ بوشاشماي، بۇدۇنيادىن ئۆتكەن بۇغرا، مىللىتىگە، ۋەتىنىگە مىسلىسىز تۆھپە، يەنى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يېزىپ قالدۇردى. ئۇ مىللەتنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زامانىۋىي تارىخچىلىقنىڭ بىر ئۈلگىسى. ئەسەردىكى مېتود، ئۇسلۇب، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارگىنال مەلۇماتلار ۋە پايدىلانغان مەنبە ئەسەرلەردىكى ھەرتەرەپلىمىلىك ھۆججەتلەرگە باي ۋەسىقىلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسەرنىڭ باشلانغۇچ قىسمى بولسا، ئانا مەنبەنى ئاساس قىلغانلىقتىن كىشىنى چوڭقۇر قايىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ھازىرقى زامان تارىخى قىسمىغا كەلسەك، بۇ قىسىمدىكى ئاساسى ۋەقەلىكلەرگە مۇئەللىپ ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان، كۆرگەن، بىلگەن ۋە تەتقىق قىلغان ھادىسەلەر بولۇپ، ئورگىنال ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ئەسەر خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىياللار تىزىملىكدە ئاساسلىق يەرئالماقتا.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ چەكلىشى ۋە تەھدىتلىرىگە قارىماستىن ۋەتەنپەرۋەرخەلقىمىز بۇ ئەسەرنى قولدىن ـ قولغا تارقاتتى. ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى قول بىلەن كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، يوشۇرۇن تارقاتتى. بەزى زىيالىلىرىمىز ئۆلۈمدىن قورقماي بۇ ئەسەرنى شىفىگىرافتا بېسىپ، يۈزلەرچە نۇسخە ھازىرلاپ، مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مىللەتچى زىيالىلار ئارىسىغا تارقىتىۋەتتى. بۇكىتابنى ئوقۇغان ۋە ياكى ساقلىغان نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلاردا ئازاپ چەكتى ۋە بەزىلىرى شېھىت بولدى.

بۇئەسەر مەرھۇمنىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ ئۇيغۇن ۋە تولۇقلانغان ھالدا قىزى پاتىمە بۇغرا تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى، ئەنقەرەدە نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى. بۇشەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن زۇر بىر ئىش بولدى. مىللىتىمىز مىسلىسىز روھىي ئوزۇقا ئىگە بولۇپ خوشاللىقتا چۆمدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسا خۇددى تارىخچىمىز باتۇر راشىدىن ئېيتقاندەك «زىلزىلە» كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۇلار بۇ ھەقىقەت ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ تولۇقلانغان نەشرى خەلقىمىز بىلەن يۈزكۆرۈشكەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمو شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ جىددى

تەلەپلىرىگە ئاساسەن مەن بۇ ئەسەرنى 1987- يىلى نەشرىگە ئاساسەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە شىۋىسى بىلەن هازىرلاپ، نەشر قىلىپ تارقاتتىم. بۇ ئىشتا، ماڭا هەرجەهەتتە دائىم يار - يۆلەكتە بولغان ئائىلەمدىن مىننەتدارمەن.

هازىرلانغان نۇسخىنى نەشر قىلىش ئالدىدا مۆهتەرەم هاجى ياقۇپ يۇسۇفى ۋە م. كامال، باشتىن - ئاخىرغىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈزۈتۈپ بەردى. ئۇلارغا ئالاهىدە رەهمەت ئېيتىمەن.

تەجرىبىسىزلىك ۋە كومپيۇتېردىكى مەسىلىلەردىن كېلىپ چىققان خاتالىقلارنى كەچۈرۈپ، تۈزۈتۈپ ئوقۇپ كېتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئەسكەرتىش:

(1) مۇئەللىپ بەزى ئاتالغۇ لارنى، بولۇپمۇ چىنچە ئىسىم ۋە ئاتالغۇ لار ترانسكرىپسىيىسىنى40 - يىللىرىدا قوللىنىۋاتقان شەكلى بىلەن بەرگەن بولۇپ، مەن بۇلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇرچىدا قوللىنىۋاتقان شەكلى بويىچە ئالدىم. مەسىلەن: هوانگتى(**خۇاڭدى**) تايسۇڭ (**تاڭ تەيزۇڭ**)، پانچائو(**بەن چاۋ**)، چاڭكىياڭ (**جاڭچيەن**) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشتا، ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇ ۋە باشقا خۇسۇسلار دا، نەشرگە هازىرلىغۇچى( قىسقارتىلمىسى، **ن. ش. ه.**) نامىدىن ئىزاهات بېرىلدى. بۇ ئىزاهاتلاردا: ئە. بايتۇر نىڭ «**شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى**»، ت. ئالماسنىڭ «**ئۇيغۇرلار**»، ه. نۇرهاجىنىڭ «**قاراخانىلار تارىخى**» ۋە هاجى ياقۇپ يۇسۇپى ئۇيغۇرچەتەرجىمىسىنى ئىشلىگەن سىماچيەننىڭ «**تارىخي خاتىرىلەر**» قاتارلىق كىتابلىرىدىن پايدىلاندىم.

**(3)** مۇئەللىپ بەزى تارىخلاردا چىنگە هۆكۈمرانلىق قىلغان ئازسانلىق مىللەت هاكىمىيەتلىرىنىمۇ «چىن هاكىمىيتتى» دەپ ئالغاندى. مەسىلەن: چىڭ خاندانلىقىنى. بىز كىتاپخالارغا ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن بەزىدە خاندانلىقنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئالدۇق.

1

**بىرىنچى باب**

# ئومۇمىي تارىخ

بىرىنچى بۆلۈم

## ئومۇمىي تارىخنىڭ بىر
## خۇلاسىسى

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى باشلاشتىن ئىلگىرى تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئومۇمىي ئىنسانلىق تارىخىنىڭ باشلانغۇچى ھەققىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇلارنى بىلىش ئېھتىياجى بار دەپ تونۇيمەن.

1 ـ پەسىل

## تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى

تارىخ ئىلمى ئىنسان جەمئىيەتلىرىنىڭ كەيپىياتىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەلىرىنى توغرا سۈرەتتە ئۆگىتىدىغان بىر پەن. تارىخ بىلىملىرى ئىنسان بىلىملىرىنىڭ ئەڭ توغرى بولغىنى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىم بىلەن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىنسانلار توپلىمى ئىچىدىكى ئورنىنى ۋە ئۆزمىللىتىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلەلەيدۇ. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىش، سائادەتكە ۋە مەدەنىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەپ ۋە ئامىللىرىنى ئۆگىتىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلارنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ۋە بۇ يوللار بىلەن مىللەتنىڭ ۋە ياكى پۈتۈن ئىنسانلىق ئالەمنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت سائادىتىنى تەمىن قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىم، مانا شۇ تارىخ ئىلمىدۇر .

تارىخ ئىلمى، «ئومۇمىي تارىخ» ۋە « مەخسۇس تارىخ» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. بىرىنچىسى، پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ۋە ياكى كۆپچىلىك مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا، بىرمىللەت، بىر قەبىلە، بىر يۇرت، بىرشەھەر، بىركىشى ياكى مۇھىم بىر ۋەقەلىككە ئائىت تارىخىي مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ.

### تارىخ قايناقلىرى

تارىخىي مەلۇماتلار تۆۋەندىكى قايناق (مەنبە) لاردىن ئېلىنىدۇ:

1 ـ توغرى رىۋايەتلەر— رىۋايەتلەرنىڭ چىنلىقى(توغرىلىقى) نىڭ ئالامەتلىرى بولسا، بۇلارنىڭ داۋاملىق بىر شەكىلدە مەشھۇر بولغان رىۋايەتلەردىن بولۇشىدۇر. رىۋايەتلەرنىڭ مەتنىدە تولا ئىختىلاپ بولماسلىقى، رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ تارىخ ئەھلى بولۇشى ياكى بىتەرەپ كىشى بولۇشى، يالغانچى ئەمەسلىكى باشقا مىساللاردا ئىسپاتلانغان بولۇشى، رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەلەرگە مۇۋاپىق بولۇپ، زامان ماكان ئېھتىياجىغا خىلاپ كەلمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا، تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە ئەڭ يېقىن بولۇشى كېرەك.

2 ـ جۇغراپىيەنىڭ داۋاملىق تارىختا ياندىشىپ كېلىدىغانلىقى، بىرئاز تارىخ ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. چۈنكى، بىر ئىنسان جەمئىيىتىنىڭ دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولغانلىقى، تۇپراق ۋە سۇ ۋەزئىيىتى، ھاۋا كېلىماتى، دېڭىزغا ئوزاق ـ يېقىنلىقى، ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋان يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئامىللارنىڭ شۇمىللەتنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ۋە يەنە بىرمىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيەدىن مەلۇم بولىدۇ.

3 ـ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت دىنى، مىللىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي كىتابلار، لۇغات، قامۇس ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى.

4 ـ قەدىمكى سەنئەت ئەسەرلىرى.

5 ـ شەھەر ۋە ئاۋات بولغان جايلارنىڭ ئىزلىرى، خارابەلەر، ئابىدەلەر، ھەيكەللەر ۋە كىتابەلەر( يازما يادىگارلىقلار ـ مەڭگۈتاشلار).

قەدىمكى زامانلاردا تارىخ مەنبەلىرى يالغۇز رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانىلەر(ئەدەبىي ئەسەرلەر) دىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى 200 يىلدىن بېرى، تارىخ ئىلمى ناھايىتى تەرەققى قىلدى. رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردە ئۇچرىمىغان توغرا ۋە قىممەتلىك مەلۇماتلار مەيدانغا چىقتى. بەزى توغرا ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋە تارىخ كىتابلىرىغىمۇ يېزىلغان رىۋايەتلەر تەكشۈرۈلۈپ، بۇلارنىڭ توقۇلما ئەپسانە ۋە قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت ئىكەنلىگى ئىسپاتلاندى ۋە تارىخى رىۋايەتلىك سۈپىتىنى يوقاتتى. دۇنيا تارىخ سەھنىسىدە ھېچ تونۇلمىغان بىرقانچە مىللەتنىڭ تارىختا غايەت مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ئوتتۇرىغاچىقتى. مانا بۇ يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلارنىڭ سەۋەبى. جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر سۈرەتتە تەرەققى قىلغانلىقى ۋە يېڭى كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى؛ قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى،گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە پەنلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققى قىلىشى، ساياھەت ۋە ئىلمىي قېزىش ۋە قېدىرىش پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن قەدىمكى شەھەرقالدۇقلىرى، خارابىلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىدىن ئىبارەت.

1 ـ پەسىل

## ئىنسان ئومۇمىي تارىخىنىڭ باشلىنىشى

ئىنسان يارىتىلىپ، دۇنيادا ھاياتنىڭ باشلانغان ۋاقتى ھازىرغىچە ئېنىق بىلىنگىنى يوق. بۇنى بىلىش ئۈچۈن تارىخچىلار ھەرخىل يوللارنى سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ قانائەتلەنگۈدەك بىر نەتىجە چىققىنى يوق. ھەممىدىن بۇرۇن يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشىنى تەخمىن قىلىشقان ئىدى. ئۇلارچە، ئىنساننىڭ يارىتىلغانلىقىغا ھىجرىنىڭ 1351 ـ يىلى، 59445 يىل بولغان بولىدۇ. يەھۇدىيلەر، بۇ زامانىنى

ئىنسان تارىخىنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېساپلايدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرىدىن بىر قىسمى بۇنى قوبۇل قىلسىمۇ يەنە بىرقىسمى، بۇنى ئىسرائىلىيەتنىڭ ھېچبىر ئاساسى بولمىغان ۋە باشقا ھېچبىر ساماۋىي دىندا كۆرسىتىلمىگەن بىر ئەپسانەۋىي ئېتىقادى دەپ، رەد قىلىدۇ ۋە يەنىلا بۇنى ئېنىقلانمىغان مەسىلە دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زامانىۋىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، ئېتنولوگىيە ئالىملىرى يەريۈزىدە ئىنسانىيەتنىڭ باربولغانلىقى«جاۋا» (ھىندۇنىزىيە) دە كەشىپ قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى ئىنسان سۆڭەكلىرىگە قاراپ، بۇ زامانىنى 600 مىڭ يىل دەپ تەخمىن قىلىدۇ. غەربىي تۈركىستاندا، 1938 - يىلى تۆشۈكتاش ۋە ئەمىرتۆمۈر ئۆڭكۈرىدە تېپىلغان ئىنسان سۆڭەكلىرىگە قاراپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شۇ زامانغا يېقىنراق چاغلاردىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىنساننىڭ دۇنيا دىكى ھايات دەۋرلىرى - تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغ ۋە تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى چاغ، دەپ، ئىككىگە ئايرىپ تەتقىق قىلىنىدۇ. تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغ دېگىنىمىز، ئىنسانلار ۋەقە ۋە ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ يازغىلى باشلىغاندىن ئەۋۋەلقى زامانىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ دەۋرى بولسا ئىنسانلار ۋەقە ۋە ئەھۋاللىرىنى يازغىلى باشلىغان چاغلاردىن كېيىنكى زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇندىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى، تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ھەققىدىكى تارىخ ئىلمىنىڭ مەلۇماتلىرى، قورئان ۋە تەۋراتتا زىكر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. مەلۇمكى، بۇ مەلۇماتلار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنىڭ دىنى ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يېقىنقى 200 يىلدىن بىرى ئىلمىي ۋە پەننىي ئۇسۇللار بەن ئېلىپ بېرىلغان يەرئاستى قېزىش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سوقۇش قوراللىرى، ئوۋ(شىكار) ئەسۋاپلىرى، قەدىمكى شەھەرلەر، ئاۋات بولۇپ ئۆتكەن يەرلەر ۋە قەدىمكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرى، ئىزلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلار قولغا كەلدى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ھايات شەكلى، تۇرمۇش يوللىرى، مەدەنىيەتكە ئۆتۈشتىكى باسقۇچلىرى، مەدەنىيەت سەۋىيەلىرى، سانائەت، ئىلىم - پەن ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار قولغا كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن تارىخ ئىلمى ئۇيدۇرما ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدى. بۇ سۈرەتتە تارىخ ئىلمى كۈندىن - كۈنگە رىۋاجلىنىپ، تەرەققى قىلماقتا ۋە نەتىجىدە كۈندىن - كۈنگە يېڭى مەلۇماتلار كەشىپ قىلىنماقتا. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامانىۋىي تارىخ كىتابلىرىدىكى تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى زامانغا ئائىت يېزىلغان مەلۇماتلار ئومۇمەن، بۇخىل يەرئاستىدىن قېزىپ تەكشۈرۈش(گېئولوگىيلىك تەكشۈرۈش) ۋە كەشپىياتلاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلاردىن ئىبارەتتۇر. تارىختىن بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قاراپ تەخمىنەن مەلۇم

بولغان ھايات دەۋرلىرى ـ يونما تاش دەۋرى، سىلىق تاش دەۋرى ۋە مەدەن دەۋرى دەپ ئۈچ باسقۇچقا ئايرىلىدۇ.

يونما تاش دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئىنتايىن ئاددى ھايات كەچۈرگەن. ھايۋانلارنى ئوۋلاپ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ، ئىسسىق ـ سوغوقتىن ساقلانغان. ئوۋلايدىغان ھايۋانلار كۆپ بولغان جاڭگاللارنى، بېلىق كۆپ بولغان سۇلارنى تاللىشىپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن سوقۇشقان. بۇخىل ھاياتلىرىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئاسان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن دۈشمەن بولغان باشقا ئىنسانلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆتكۈر قورال لازىملىقىنى چۈشۈنۈپ تاشنى تاشقا ئۇرۇپ چاقماق، تاشنى توخماقا باغلاپ، تاشچوماق ۋە ئۇچلۇق تاش بىلەن نەيزە قاتارلىق قوراللارنى ياساپ چىققان. ئىنسانلار بۇ خىل ھايات شەكلى بىلەن خېلى ئۇزۇن بىر زامان ياشىدى. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئوت قالاپ ئىسسىنىش، كېچىدە تۇرارجايلىرىنى يورۇتۇش، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈش ۋە يېمەكلىرىنى پىشۇرۇشنى ئۆگەندى. ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن خەنجەر، پىچاق ۋە ھەرخىل زىنەت بۇيۇملىرى ياساپ ئىشلەتتى. بۇ دەۋرنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەخمىن قىلىشلىرىغا قارىغاندا، بۇدەۋرنىڭ باشلىنىشى بۇندىن 50,000 بىلەن 100,000 يىل بۇرۇن بولغان.

سىلىق تاش دەۋرىدە، ئىنسانلار تاشتىن ئەسۋاپ ياشاشتا بارغانسىرى ئۇستىلىشىپ، چاقماق تېشىدىن نازۇك، چىرايلىق نەرسىلەرنى ياساپ چىقىپ، بۇلارنى قۇم تېشىغا سۈرۈپ، سىلىغلاپ ئىشلىتىش ۋە سېتىشقا باشلىدى. تۇرمۇشلىرىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ۋەھشى ھاياتتىن تامامەن ئايرىلغان، يېڭى بىر ياشاش دەرىجىسىگە يەتتى. چۈنكى، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئىنسانلارنىڭ بىرقىسمى كۆچمەنلىك ھاياتنى تاشلاپ، بىر ئاتا ئەۋلاتلىرى، يەنى، قەبىلە جەمئىيتى شەكلىدە يەرلىشىپ، ياشغىلى باشلىغان. بۇنداق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئاساسىدا، ئىنسانلار تېرىقچىلىقنى ئۆگىنىپ، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئوي ھايۋانلىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە تۇرمۇشلىرىنى دېھقانچىلىق بىلەن قامداپ ئوت ـ چۆپ ۋە ئۆسۈملۈك يىلتىزى يېيىشنى تاشلىغان. ئىنسانلار بۇ دەۋرگە كىرەر ـ كىرمەس مال مۈلككە ئىگە بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مالمۈلكنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەۋىسى تۇغۇلدى. تەبىئىكى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىجتىمائىي بىر تەشكىل قۇرۇپ چىقىشقا توغرى كەلدى.

بۇ دەۋردە ئىنسانلار تۇرار جاي ۋە قورغان ياسىغلى باشلىدى. دەسلەپتە بۇلار خېلى مۇستەھكەم ئىدى، بۇلار تاملىرى تاشتىن ۋە ئۈستى ياپىلاق تاشلار بىلەن يېپىلغان كىچىك ھوجرا ئۆيلەردىن ئىبارەت بولۇپ، «دولمان» دەپ ئاتالغان. بۇ دولمانلاردىن بۇزۇلماي زامانىمىزغىچە ساق قالغانلىرى،

جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈشلەر، دە تۇپراق ئاستىدىن كۆپ ساندا ئوتتۇرىغا چىقتى. قورغانلار بولسا تاشتىن قېلىن تام قىلىپ ياسالدى. بۇخىل ئىمارەت ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. ئىنسانلار تاش پالتىلىرى بىلەن ياغاچلارنى كېسىپ، تۇرارجايلىرىنىڭ ئۈستىنى ياغاچ بىلەن يېپىپ، كەڭ ئازادە ئۆيلەر ۋە قورغانلار ياساپ، كىچىك تىپتىكى شەھەرلەر بىنا قىلدى. بەزى قەبىلىلەر كېچىلىرى باشقىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي - جايلىرىنى كۆللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى سۇ بويلىرىغا يېقىن قىلىپ قوزۇقلار ئۈستىگە بىنا قىلغان. كۈندۈزى قويۇپ، كېچىسى تارتىۋالىدىغان كۆرۈكلەر ياسىغان. بۇ خىل ئىمارەت ۋە قورغانلار شۇ زاماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلىرى ئىدى. كېيىنچە، تاش پالتىلىرى بىلەن چوڭ - چوڭ دەرەخلارنى كېسىپ، پۈتۈن بىر قەبىلە سىغقۇدەك چوڭ قورغانلارنى ياساپ چىقتى. بۇنداق قۇرۇلۇشلارنى سېلىش، ئۇ شارائىتلاردا بەكمۇ قىيىن ئىش بولسىمۇ ئىنسانلار نىڭ ھاياتقا بولغان زوق بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن. تاش بوقۇسا (ساپان) ۋە ياغاچ كەتمەنگە ئوخشاش تېرىلغۇ ئەسۋاپلىرىنى قوللىنىش، كالا ئۆكۈزلارنى قوشقا قوشۇپ، تېرىلغۇ ،ھايۋانلىرى قىلىپ ئىشلىتىش، ئات، ئېشەك ۋە تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ يۈك ۋە مىنەك ھايۋانلىرى قىلىپ ئىشلىتىش، مانا شۇ دەۋردە ئىجات قىلىنغان ئىدى.

سىلىق تاش دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، يونما تاش ئەسۋاپلىرى قوللۇنۇلغان، ھەتتا، مەدەن دەۋرىگە كەلگەندىمۇ تۆمۈر كەشپ قىلىنغانغا قەدەر بۇ ئىككى خىل تاش ئەسۋاپلىرى قوللىنىلىپ كەلگەن. تارىخچىلار، بۇ دەۋرلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن، سىلىق تاش سەنئىتى كەشپ بولغان زامانىنى - سىلىق تاش دەۋرى، مەدەن كەشپ بولغان زاماندىن باشلاپ - مەدەن دەۋرى، دەپ ھېساپلايدۇ.

ئىنسانلىق ئالىمىنىڭ ھاياتى يوقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، تاش ئەسۋاپ ۋە قوراللار بىلەن ئىنتايىن كۆپ قىيىنچىلىقلار غا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. كېيىنچە، ئىنسانلار باشقا ماددە ئارىلاشمىغان ھالدا يارىتىلغان ئالتۇن ۋە مىس كانلىرىنى ئۇچراتتى. تەجرىبەلەر ئارقىلىق بۇ مەدەنلەرنى ئوتقا سېلىپ، خالىغان شەكىلدە ھەرخىل نەرسىلەر ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى كەشپ قىلدى. ئالتۇن ۋە مىسنى دۇنيادا ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركلەر كەشپ قىلغان. بۇكەشپىيات بۈگۈندىن، تەخمىنەن 11,000 يىل ئىلگىرى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئىنسانلار ئالتۇندىن زىننەت ئەسۋاپلىرى، مىستىن قىلىچ، سۆڭگۈ (نەيزە)، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياساپ ئىشلەتكەن. لېكىن، مىس ئانچە چىداملىق بولمىغانلىقتىن يونما ۋە سىلىق تاش ئەسۋاپلىرىنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. كېيىنچە تەرەققىيات يولىدا، يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ئىنسانلار مىسنى قەلەي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇچنى كەشپ قىلدى. تۇچ مىستىن چىداملىق بولغانلىقتىن كىشىلەر قورال - ياراغ ۋە باشقا ئەسۋاپلارنى تۇچتىن ياسىغىلى باشلىدى. مەدەن دەۋرىمۇ

تۇچ سەنئىتىنىڭ تەرەققى قىلغان زامانىدىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ. قەلەي مىسقا قارىغاندا ئاز ئۇچرايدىغان مەدەن بولغاچقا تۇچ ئىشلەپ چىقىرىش ئاسان ئەمەستى. شۇنىڭ ئۇچۇن تۇچ ئەسۋاپلار ئېھتىياجىنى دېگەندەك قاندۇرالمىغان ۋە تاش ئەسۋاپلارمۇ تامامەن تاشلىۋېتىلمىگەن.

كېيىنچە تۆمۈر كەشپ قىلىندى. بۇ مەدەننى باشقا ماددىلاردىن ئېرىغداپ، ساپ ھالغا كەلتۈرۈش ئانچە ئوڭاي بولمىسىمۇ تۆمۈرنىڭ باشقا مەدەنلەرگە قارىغاندا چىداملىق ۋە ئۆتكۈر بولۇشى، تۆمۈر قورال - ئەسۋاپلارنىڭ چىداشلىق بولۇشى بۇ مەدەنگە بولغان تەلەپنى ئاشۇردى. تۆمۈر كانلىرىنىڭ دۇنيادا ھەر جايدا كەڭتاشا بولۇشى تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشنى تېز رىۋاجلاندۇردى. قورال - ياراغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تۆمۈردىن ياساپ ئىشلىتىلدى ۋە تاش سايمانلارغا ھاجەت قالمىدى.

ئالتۇن،كۆمۈش، مىس ۋە تۇچ قاتارلىق باشقا مەدەنلەر ئۆزىگە مۇناسىپ يەرگە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار غا ئاساسەن، تۆمۈرنى ھەممىدىن ئەۋۋەل كەشپ قىلغانلارنىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. مەدەن دەۋرىنى تارىخچىلار **مىس دەۋرى، تۇچ دەۋرى ۋە تۆمۈر دەۋرى** دەپ ئۈچكە ئايرىدۇ. تارىخ دەۋرىگە كىرگەن چاغ بولسا، ئىنسانلارنىڭ تاشقا، مەدەندىن ياسالغان نەرسىلەرگە، بىنا(ئىمارەت)، ئابىدە(مەڭگۈتاش) لەرگە يېزىلغان ياكى ئويۇلغان خەت ۋە سىزما رەسىملەر، تاشتىن ۋە مەدەندىن ياسالغان ھەيكەللەر قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. بۇ دەۋر دۇنيادا ئوخشاش بىرۋاقىتتا باشلانمىغان. زامانىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇلار ھەممىدىن بۇرۇن تۈركلەردىن بولغان «ھىتتلەر» «سۈمەرلەر» ۋە «ئىلاملار» دا باشلانغان. مىسرلىقلارنىڭ بۇ دەۋرگە ئوخشاش زاماندا ياكى بىرئاز كېيىنرەك كىرگەنلىكى مەلۇم. مىسرلىقلار بۇ ئۇسۇل بىلەن مۇنتىزىم ئىشلەپ ئۆزلۈكسىز رىۋاجلاندۇرغانلىقتىن قالدۇرغان ئەسەرلىرى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ ئالىملىرى مىسرلىقلارنىڭ ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغان ۋاقتىنى« تارىخ دەۋرىگە كىرىشنىڭ باشلىنىشى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. مىسرلىقلار يېزىپ قالدۇرغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى مىلادىتىن بۇرۇنقى 5000 يىلغا ئائىت ئىككەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئالىملار ئىنسانلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرگەن زامانىنى مىلادىتىن 5000 يىل بۇرۇن دەپ بەلگىلىگەن. بۇلار تۆۋەندىكى تۆت دەۋرگە ئايرىلىدۇ:

باشلانغۇچ ئەسىر، مىلاددىن بۇرۇنقى 5000 - يىلدىن مىلاددىن كېيىنكى395 - يىلغىچە.

ئوتتۇرا ئەسىر، مىلادىنىڭ 395 - يىلدىن 1493 - يىلغىچە.

ئاخىرقى ئەسىر، مىلادىنىڭ 1493 - يىلدىن 1789 - يىلغىچە.

ھازىرقى ئەسىر مىلادىنىڭ 1789 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە.

ئومۇمىي ئىنسان تارىخىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە بۇ كىتابتا شۇنچىلىك بايان قىلدىم. تولۇقراق مەلۇمات ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تارىخ كىتابلىرىغا قاراشلىرىنى سورايمەن.

ئىككىنچى بۆلۈم

## ئومۇمىي تۈرك تارىخىنىڭ بىر خۇلاسىسى

1- پەسىل

## تۈرك تارىخىنىڭ باشلىنىشى

شەرق دۇنياسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىختا رىۋايەت قىلىنغان چىن، ھىندىستان ۋە ئىرانىنىڭ تارىخ ۋە دىنى كىتابلىرىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان ئەرەپ - ئىسلام ئومۇمىي تارىخ كىتابلىرىغا قارىغاندا، بۈگۈنكى ئىستىلاھتا(تېرمىندە) شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئىنتايىن مۇھىم تارىخلىرى دەپ قارىلىدۇ. يەنە، بۇ ئەسەرلەردە ئىتتىپاق بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلىنگەن بىر مەسىلە، « **تۈركلەرنىڭ نىڭ ئانا يۇرتى**»، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىغىچە سوزۇلغان پايانسىزئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى بولۇپ، بۇلار ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بەل ئۇمۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يايلاقلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرىگە ئىگە. بۇ ئوتتۇرا قىسىم، ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى خەزەر[7](كاسپىي) دېڭىزى ۋە بايقال كۆلى ئارىسىدا بولۇپ، دۇنيا نىڭ ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ كەڭ مۇنبەت يايلاقلىرىدىن ئىبارەت. ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغلىرى، بۈك باراقسان ئورمانلىرى، قورقۇنۇچلۇق جاڭگاللىرى ۋە سۇ بويلىرىغا جايلاشقان ياپ - يېشىل ئاۋات شەھەر - كەنتلىرى ئوتتۇرا قىسىم يايلاقلاردا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. مانا بۇ شەكىلدە تەرىپلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيل يايلاقلىرىدىكى شەرقتە قىدىرخان (ھىنگان) تاغلىرىدىن باشلاپ، شىمالدا بايقال ۋادىسى، ئالتاي تاغلىرى، غەربدە ئىدىل(ۋۇلگا) دەرياسى، خەزەر دېڭىزى، جەنۇبدا ھىندۇقۇش، پامىر، قاراقۇرۇم ۋە قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) تىزملىرى ۋە سېرىق دەريا(خۇاڭخې) بىلەن قايتىدىن قىدىرخان تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان بىر سىزىق ئىچىدىكى بۇ جايلار تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىدۇر. بۇ مەنتىقە(رايون)، تارىخى بىلىنمىگەن چاغ (تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى زامان) دىن تارتىپ، ھازىرغىچە تۈركلەرنىڭ ماكانى ۋە يۇرتى بولۇپ كەلدى. تۈرك قوۋملىرى بۇ جايلاردىن دۇنيانىڭ ھەرتەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ، دۇنيانى ئاۋات قىلغانىدى». تۈرك تارىخىنىڭ باشلىنىشى دېيىشتىكى مەقسىدىم، تۈركلەرنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ياكى ئۇلارنىڭ نەسەپ - سىلسىلىسىنى بايان قىلىش ئەمەس.

[7] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، «ھازەر»، «خازەر» دەپمۇ ئېلىنىدۇ( ن. ش. ھ).

ئىسلام تارىخلىرىدا بۇھەقتە بايانلار بولسىمۇ بۇلارنى ھازىرچە توغرا دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، بۇلار ئىسرائىلىيەتتىن ۋە موڭغۇل مىللىي ئەپسانە(مىتالوژى) لەردىن ئېلىنغان . مەقسىدىم ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەر ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارغا ئاساسەن تۈركلەر توغرىسىدا قولغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىشتۇر.

گېئولوگىيە(يەرقاتلاملىرى ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيە(ئاسارئەتىقە ئىلمى) نىڭ تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە كەشىپ قىلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھازىرقى زامانىمىزدىن 12,000 يىل بۇرۇن بۇ تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ ھالى ھازىرقىدەك چۆللىرى كۆپ، نۇپۇسى ئاز ئەمەستى.

ئۇ چاغلاردا تەڭرى ـ تاغلىرى (تىيانشان) پۈتۈنلەي مۇزتاغ بولۇپ، بۇتاغدىن تۆت ئەتراپقا يۈزلەرچە دەريا ئېقىپ، مۇنبەت تۇپراقلارنى سۇغىراتتى. قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) تىزمىلىرىدىنمۇ ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئېقىنلار ئېقىپ، تەكلىماكان چۆلىنى باشتىن ئاياغقىچە سۇبىلەن تەمىنلەيتتى. ئورال ۋە بالقاش كۆللىرىدەك ئىچكىي دېڭىزلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى.

لوپنۇركۆلىمۇ بۈگۈنكىدىن كۆپ چوڭ بىر ئىچكىي دېڭىز بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مانا بۇسەۋەپتىن تەبىئى ئىقلىمدا ھېچبىر قۇملۇق چۆل يوق ئىدى. مۇنبەت تۇپراقلىرى خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلىرى، سانسىز ياۋايى ھايۋانلىرى ۋە ھەرخىل يەرئاستى بايلىقلىرى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى.

ئىقلىم ۋە تەبىئەتتىكى بۇشارائىتنىڭ تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە بولغان قولايلىقىدىن، تۈركلەر باشقا ئىنسانلاردىن بالدۇر مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان. باشقا يەرلەردىكى ئىنسانلار تېخى ئۆڭكۈرلەردە ۋە دەرەخ كامالىرىدا ياشاپ، تاش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا تۈرك ئانايۇرتىدا بۇ تاش دەۋرى ئاللاقاچان ئاياغلىشىپ مەدەن دەۋرى باشلىنىپ، مىس ۋە تۇچ دەۋرى تەرەققى قىلماقتا ئىدى.

تۈركلەر مەدەنلەرنى كەشىپ قىلىپ، قورال ـ ياراغ، تېرىلغۇ سايمانلىرى ۋە ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ ئىشلىتىپ، ھەتتا، بۇلارنىڭ تىجارىتىنىمۇ باشلىغان ئىدى. يايلاقلاردىن ياۋا بوغداي، ئارپا قاتارلىق دانلارنىڭ ئۇرۇغىنى تېپىپ كېلىپ، سۇ بويلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈش بىلەن كەڭ تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلغانىدى.

تۇرار جاي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا قورغان ياساپ شەھەرلەر بىنا قىلغان، ئات ـ ئېشەك ۋە تۆگىگە ئوخشاش ئۇلاغلىرى، قوي، ئەچكۈ ۋە كالادىن ئىبارەت چارۋا- ماللىرى ئۇمۇملاشقان، ساپالدىن كۇزا- قاچا قۇمۇچ ياساش سەنئىتى خېلى تەرەققى قىلغانىدى. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ 2 ـ تومى(ئىزاھاتلار قىسمى) دا تەپسىلى بايان قىلىمىز.

2 - پەسىل

## تۈركلەرنىڭ مەدەنىي دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى

ھازىرقى چىن تىلىدا «داگوبي»، يەنى، بۈيۈك چۆل دەپ ئاتىلىدىغان موغۇلىستان (موڭغۇلىيە) ۋە شىمالىي چىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قۇملۇق چۆللەردە يەنى، تەكلىماكان، قىزىلقۇم ۋە قارا قۇم چۆللىرىدە بۈگۈن ھېچقانداق بىرجانلىق مەخلۇقاتنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى بولمىغان بۇجايلاردا، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئىزلىرى، تېرىلغۇيەرلەر، زىرائەت، ئېتىز ئىزلىرى، شەھەر - كەنت خارابىلىرى، تاش، مىس، تۆمۈر، چويۈن ۋە ساپال - كۇزاسايمانلىرى ناھايىتى تولا ئۇچرايدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ بىر زامانلار ھەممىسى ئاۋات يۇرتلار ئىكەنلىكى ۋە بۇجايلاردا ياشىغان تۈركلەرنىڭ خېلى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگەبولغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. بۇجايلاردا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار بۇ ئىزلارنىڭ ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ يەرلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ياشىغان ماكانلىرىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇلارنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە 9000 يىل بۇرۇنقى ئەسەرلەر ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. 1904 - يىلى خەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئاشقابات ۋە مەرۋ شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئانۇ قورغىنى» دا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان ئالىم R. Pumpelly (رافائىل پومپىللى) بۇ مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنىڭ بۇندىن 10000 يىل بۇرۇنقى دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يەنە بۇ بىباھا ئاسارە- ئەتىقىلەرنى بىتەرەپلىك مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلغان ئامېرىكىلىق ئالىم «بۇ تۈرك ئانا يۇرتىدا مەدەنىچىلىك ۋە سەنئەت مەدەنىيەتىنىڭ مىلادىن بۇرۇنقى 9000 - يىللىرىدا، يەنى، زامانىمىز دىن 10000 يىل بۇرۇن باشلانغان» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيە گە ئاساسلانغاندا تۈرك يۇرتلىرىدا كانچىلىق ۋە مەدەنىچىلىك باشقا يەرلەردىن 1000 يىل بۇرۇن باشلانغان. ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە كەشپ قىلىنغان قەدىمكى تۈرك قورغانلىرىدىن تېپىلغان ۋە بۈگۈن موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆمۈر دەورىگە ۋە بىرقىسمى تۇچ دەۋرىگە ئائىت. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىلىچ (تۇتقۇچى كۆپىنچە ھايۋان بېشى سۈرىتىدە)، ئوق ئۇچى، پىچاق، سۈڭگۈ (نەيزە)، ئوغاق، قايچا، پالتا، كەكە، ئۇشكە، يېڭنە، توقا، ئۆزەڭگە، يۈگەن، قازان - تاۋا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇچتىن ياسالغان. مۇنچاق، تۇگمە، بىلەيزۈك، ئەينەك قاتارلىق زىنەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرقىسمى تۇچتىن ۋە كۆپرەك قىسمى ئالتۇندىن ياسالغان. بۇ نەرسىلەر ئىچىدە كەتمەن، پالتا، ئۇشكە، پىچاق، ئوق ئۇچى، قېلىچ ، سۈڭگۈ، قىپتان (ساۋۇت -

تۆمۈركىيىم)، چاقماق، ئۈزەڭگە، بوقۇسا چىشى، ھەرخىل چوك - كىچىكلىكتىكى كەمەر توقىسى ۋە كەمەر زىننەتلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈر. بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئەسۋاپ - سايمانلارنى بۇ مۇزېيلەردا كۆرگەن كىشىنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ مىلادىتىن بۇرۇن ياسالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ياسىلىشىدىكى نازۇكلۇق ۋە ئۇستىلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر بۇلارنى ھازىرقى زامانىمىزدا مەدەنىيەتلىك بىررەر شەھەردە ياسالغان دەپ ئويلاپ قالىدۇ. لوندوندىكىBritishMuzeum دا تۈرك ئانا يۇرتىدىن تېپىلغان تۆمۈر ۋە تۇچتىن ياسالغان ئەسەرلەرنىڭ بەك ياخشى كوللېكسىئونى(كوللىگىيىسى) ساقلانماقتا. تۈرك ئانا يۇرتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئالتاينىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن تېپىلغان كان ۋە مەدەن ئېرىتىش ئوچاقلىرى قەدىمكى تۈركلەر نىڭ



ئالتايدىن تېپىلغان، مىلاددىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت تاش، ساپال ۋە ئالتۇندىن ياسالغان ئەسەرلەر

كانچىلىق ۋە مەدەن ئېرىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا مەيدانغا چىققان كان ۋە ئېرىتىش ئوچاقلىرىنىڭ زامانىمىزدىكىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇكەممەللىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇلارغا قارىغاندا تۈركلەر قەدىمكى مەدەن دەۋرلىرىدە كانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتە خېلى تەرەققى قىلغان. بۇخىل مەدەن كانلىرى ۋە ئېرىتىش ئوچاقلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ساندا تېپىلىشى تۈركلەرنىڭ بۇ دەۋردە مەدەن مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامداپلا قالماستىن باشقا مىللەتلەرگە ساتقان ۋە تاشقى سودا تىجارەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مەدەن ئىشلەپ چىقىرىش سانائىتى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن «مۇپەسسەل تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

ئەپسۇسكى، شەرقىي تۈركىستاندا تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغلارغا ئائىت ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بەك ئاز. شۇنداق بولسىمۇ سەۋىن ھېدىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياۋروپالىق ساياھەتچى ئالىملارنىڭ چوڭ غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە بەزى مەلۇماتلار قولغا كەلدى.

شەرقىي تۈركىستاندا تېرىلغۇ - زىرائەت ئىشلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، تېرىلغۇ ئىشلىرىدا ئىشلىتىش بىلەن بوغداي، ئارپا، تېرىق ۋە زىغىرغا ئوخشاش ئاشلىقلارنى ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىپ يېتىشتۈرۈپ ئاشلىق دان قىلىپ تېرىش ئىشلىرى باشقا تۈرك يۇرتلىرىدىن بۇرۇن بولدى. ئۇندىن باشقا ياۋا ئات، ئېشەك، كالا- ئۆكۈز قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆي ھايۋانلىرى يېتىشتۈرۈش ئىشىمۇ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى ئاشلىق ياكى ئۆي ھايۋانلىرى بولسۇن بۇلارنىڭ ئەسلى ياۋايى بولۇپ، باشلانغۇچ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ بۇلارنى ئەقلى ئىدراكى ۋە ئەمگەكلىرى بىلەن (تەسادىپ ئۇچرىتىپ،) بۇلارنى ئۆز لىرىگە پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ۋە كۆندۈرۈپ ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق بىر مەسىلە. ھەر قانداق بىرقەدىمكى نەرسىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ياكى مەۋجۇتلىقى( باربولۇشى)، ۋۇقۇئى (ھادىسىنىڭ يۈزبەرگەنلىكى) غا ئۇنىڭ ھازىر كۆرۈنمەكتە بولغان قالدۇق ئىزلىرىغا قاراپ باھا بېرىش ۋە تەھلىل قىلىش، ئىلىم ساھاسىدا مۇۋاپىق كۆرۈلگەن ئەڭ توغرى كۆزقارشتۇر. شەرقىي تۈركىستان تاغلىرىدا- تەڭرىتاغ جىلغىلىرىدا ۋە باغراش كۆلى ئەتراپلىرىدا، ياۋا بوغداي، ئارپا ۋە تېرىق قاتارلىق دانلىقلارنىڭ ياۋا تۈرلىرى ھازىرمۇ تولائۇچرايدۇ. ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك (قوتان)، ياۋا تۆگە ۋە ياۋاكالا(ياۋا قوتاز) قاتارلىقلار قاراگۇ تاغ ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ يايلاقلىرىدا ھازىرمۇ ئۇچرىمىز تەرىپىدىن بىلىنىپ ئۆۋلانماقتا. لېكىن، باشقا مەملىكەتلەردە بۇ ئۆسۈملۈك ۋە بۇخىل ھايۋانلارنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىدىن ئەسەرى يوق دېگۇدەك ئاز. كان ۋە مەدەن ئىشلىرىغا كەلسەك

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك كان ياكى مەدەن ئېرىتىش ئوچاقلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، چەتئەلدە دۇنيانىڭ مەشهۇر مۇزېيلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ كېتىلگەن ئەسەرلەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. تەڭرىتاغلىرى، قاراڭغۇتاغ ۋە ئالتۇن (ئالتاي) تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان ئالىملار، قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلىپ تاشلىنىپ قالغان بۇخىل مەدەن ئوچاقلىرىنى كۆپ ئۇچراتقان. تەكلىماكان چۆلى ۋە تۇرپان چۆللىرىدا ھېلىمۇ پات - پات تېپىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان مىس، تۇچ، ئالتۇن، چويۇن، تۆمۈر، كۈمۈش ۋە ساپالدىن ياسالغان سەنئەت ۋە ھەرخىل مەدەن خام ماددىسى قاتارلىقلار بۇجايلار قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراشتىن بۇرۇنقى دەۋىردە ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇ يۇرتلاردا بۇ نەسلەرنى ياسالايدىغان ماھىر ئۇستىلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى كۆرستىدۇ. تەكلى ماكان، تۇرپان ۋە قۇمۇل چۆللىرىدە سۇ بويلىرىدىن بىر قانچە كۈنلۈك يىراق يەردە تېپىلغان قەدىمكى شەھەرخارابەلىرىنى يېقىنقى زامانغا ئائىت دېسەكمۇ، بۇ چۆللەرنىڭ ئىچكىي قىسىملىرىدا بۈگۈن ھېچقانداق بىرجانلىقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتتىكى جايلاردىن تېپىلغان شەھەرخارابەلىرى، تېرىلغۇ يەر، ئېرىق - ئۆستەڭ (تىم)، گەمە ۋە سېپىل - قورغان ئىزلىرى بۇجايلارنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراشتىن بۇرۇنقى ھايات ئىزلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3 - پەسىل

## تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرى

قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ ئاۋات - باياشات ۋەزىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بىريۇرتنىڭ تۇپرىقىنىڭ مۇنبەت، سۇيىنىڭ مول ۋە ھاۋاسىنىڭ گۈزەل بولۇشى قاتارلىق ئامىللىرى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تېز يۈكسىلىشى، نوپۇسىنىڭمۇ سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مانا، بۇسەۋەپلەر بىلەن تۈرك ئانا يۇرتىدا قەدىمكى تۈرك نوپۇسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇرت - شەھەرلەر گۈللەپ - ياشناپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يامغۇر - يېشىن ئاز يېغىپ سۇ مەنبەلىرى ئازقالغان. تەڭرىتاغلىرى ۋە قاراڭغۇتاغلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇزلىرى ئېرىپ تۈگەپ ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى قۇرۇپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى دەريالار ۋە كۆللەر مۇ قۇرۇشقا باشلىغان. نەتىجىدە، يۈزلەرچە دەريا قۇرۇپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى باشلىغان. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىشى ۋە قورغاقچىلىق ئاپەتلىرى خەلقىنىڭ تىرىكچىلىكىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ھاياتلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلىپ ۋە مەغلۇپ بولغان تەرەپنى ھەيدەپ چىقىرىپ، يەر

- سۈلىرىنى ئىشغال قىلىشتەك ئىچكىي ئۇرۇش ھەرتەرەپنى قاپلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم خەلق ئۆز يېرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكەمەجبۇر بولغان.

ئۆز يەرلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن كۆچمەنلەر ئاستا - ئاستا دۇنيا نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارىلىپ، ئۆز ھاياتلىرىغا مۇناسىپ بىريەر تېپىشقا باشلىدى. تارىخچىلار بۇ دەسلەپكى كۆچ دەۋرىنىڭ ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 9,000 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلماقتا. بۇكۆچۈشلەردىن بىرقىسمى خۇددى ئالدىنى توسقىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك قەھرى - غەزىپى بىلەن ئىلگىرلەپ، بارغانلا يەردىكى خەلقلەرنى يوقىتىش، ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بەزىلىرى بولسا قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك سەزدۇرمەستىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇلار بارغان يەردىكى خەلقلەرگە مەدەنىيەت ۋە ئىنسانى ئەخلاق ئۆگىتىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە بويسۇنۇپ، ھەمكارلىشىپ ياشاپ ئۆز ھاياتلىرىنى تەمىنلىدى. بۇكۆچۈشلەر بىر ئەسىردىلا يۈزبەرگەن ئەمەس، بەلكى، مىلاد دىن بۇرۇنقى 7 - 8 مىڭ يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ مىلادى 4 - ئەسىردىكى سىيانپى كۆچۈشگە قەدەر داۋام قىلغان. ئۇندىن كېيىن كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، سەلجوق، قىتاي ۋە موڭغۇل كۆچۈشلىرى تارىخ ئوقۇغان ھەممەكىشىگە مەلۇمدۇر. بۇئومۇمىي كۆچۈشنىڭ تۈرك ئانا يۇرتىدىن دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە كەتكەن يوللىرى، باشلىنىش نۇقتىسى ۋە بېرىپ توختىغان جايى بىرىنچى خەرىتىدە كۆرسىتىلدى. تۆۋەندە يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان قاپىلە(كارۋان) توغرىسىدا بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز:

تۇرپان ئۆلكىسىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر كارۋانىنىڭ بىر تارمىقى توغرا شەرققە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا چىن، يەنى، سېرىق دەريا(خۋاڭخې) ۋە كۆك دەريا (ياڭزىجاڭ) ئوتتۇرىسىدىن چىننىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە يېشىللىق بولغان ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ يەرلەشتى. لوپ ئۆلكىسىدىن چىققان ئىككى تارماق قافىلىدىن بىرى، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، كۆك دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە، ھازىرقى سىچۈەن ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدە يەرلەشتى. چىننىڭ بۇجايلاردىكى ئىنسانلىرى تېخىچە تامامەن ۋەھشى ئىدى. تۈرك كۆچمەنلەر بۇلار نى جايلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇلار تاغ ۋە چۆل - باياۋانلارغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە تۈگۈشۈپ كەتتى. بۇ كاراۋاننىڭ ئىككىنچى تارمىقى جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، كۆك كۆل (كۆكتۇرا) ( ھازىرقى چىڭخەي ئەتراپى) غا بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرالماي، ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ بىرى سىچۈەنگە بىرى ھىندىچىنغا يەنە بىرى ھىندىستانغا بېرىپ يەرلەشتى. تىرىم (تارىم) ۋادىسىدىن، يەنى، بۈگۈنكى ئالتى شەھەر ئۆلكىسىنىڭ ئوتتورا قىسمىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكان قىسمىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر، ئارقا - ئارقىدىن غەربىي تىبەت (لاداخ) ۋە پامىر يوللىرى بىلەن مېڭىپ، ھىندىستانغا توپلاندى. بۇلار ھىندىستاننىڭ ئەڭ مۇنبەت يېرى بولغان سىند ،گانگا ۋە براھما پۇترا دەريالىرى

ۋادىسىغا يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقلەرنى جەنۇبقا سۈرۈپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، بۇجايلاردا ئاۋات شەھەر ۋە ئۆلكىلەر بىنا قىلدى. بۇ تەپسىلاتلار، زامانىمىزدا سىندھ دەرياسى بويىدىكى هارافا (هاراپپا) ۋە موھىنجۇدارا شەھەرخارابىلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈلۈشى جەريانىدا تېپىلغان ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلاندى.

مىلاددىن ئىلگىرى 2500 ـ يىللىرى تارۇلتاي (تارباغاتاي) ۋە ئىلى رايۇنلىرىدىن يولغا چىققان كاراۋانلار ئۇدۇل غەرپكە مېڭىپ، ئورال تاغلىرىنى ئاشقاندىن كېيىن، تۆت قولغا ئايرىلىپ، پۈتۈن شىمالىي ياۋروپا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىرلاندىيىگىچە ئىشغال قىلدى. تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ۋە دەرەخ كامالىرىدا تېخىچە ئىپتىدائىي دەۋرى هاياتى ياشاۋاتقان يەرلىك خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. قارا ئېرتىش ۋادىسىدىن (هازىرقى ئالتاي ۋىلايىتىدىن) بىرقاپىلە شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ سىبىرىيەنى ئىگەللەپ شىمالىي مۇز دېڭىزىگىچە تارالدى. بۇكارۋان بولسا مىلادى 4 ـ ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان خانلىق دۆلەتلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان سىيانپى ـ تاتار تۈركلىرى بولۇپ. بۇلارنىڭ مەركىزى قارا ئېرتىش ۋە تانۇئۇلا تاغلىرى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچكەن تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى (1ـ 2 ـ خەرىتىگە قاراڭ). بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچكەنلەرنىڭ ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئىگەللىگەن يەرلىرىنىڭمۇ مۇھىم جايلار ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن كۆچكەنلەرنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى كىتابىمىزنىڭ ئىزاھاتلار قىسمى(2 ـ توم)[8] دا بايان قىلىنىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى تېخى مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز قاراڭغۇلۇق بىر دەۋر ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىكەن، تۈرك قوۋملىرى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىپ، خۇداۋەندكەرىمنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان، باشقا جايلاردىكى بەندىلىرىنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە ئىگەقىلىش ۋە يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىشتەك ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. چۈنكى، تۈركلەر بارغان جايلارغا ئۆزىنىڭ ئىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە يەرلىك خەلققە ئۆگەتتى. ئۇيەرنى ئۆز ئانا يۇرتىدەك ئاۋات قىلدى، بۈيۈك شەھەرلەر بىنا قىلدى.

[8] ئىزاھاتلار قىسمى تېخى نەشر قىلىنمىدى. (ن. ش. ھ.).

4 ـ پەسىل

# كۆچۈش دەۋرىدىن كېيىنكى تۈرك ئانا يۇرتى

كۆچ دەۋرىدە بولسۇن ياكى كۆچتىن كېيىنكى چاغلاردا بولسۇن، مەيلى تۈرك ئانا يۇرتىدا ياكى تۈركلەر كۆچۈپ بېرىپ ئاۋات قىلغان يۇرتلاردا بولسۇن، تۈركلەر يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بىرەرخانلىق يەنى، ھەرخىل نام بىلەن بىرئىدارە بىرلىكلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاندا تارىم ۋادىسى بويلىرىدا ـ ھازىرقى ئالتى شەھەر، تۇرپان رايونى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى. ھازىرقى شىمالىي موغۇلىستاندا ـ سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەريا بويلىرى، ھازىرقى غەربىي گەنسۇ، دەپ، ئاتالغان قارا دەريا بويلىرى ۋە چۇ دەريا بويىدىكى قەدىمكى زامانلاردا ئارغۇ دەپ ئاتالغان يۇرتلاردا ۋە غەربىي تۈركىستاندا ـ سىر دەرياسى(ئىنجى دەرياسى) ھاۋزىسى، ئۆگۈز(ئامۇ دەريا) ھاۋزىسى ۋە سۇغۇت (سۇغد) (زەرەپشان) دەريا ھاۋزىسى قاتارلىق جايلاردا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە غايەت ئۈستۈن مەدەنىيەتلىك يۇرتلەر بەرپا قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممىسى سۇ بويلىرىغا جايلاشقانلىقتىن بۇ يۇرتلەر بىر ـ بىرىدىن ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن قۇم چۆللىرى ۋە ئېگىز تاغلار پاسىل بولۇشى ئارقىلىق ئايرىلىپ، پەرقلىق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. خەلقلىرىمۇ شۇ يەر ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن؛ خوتەننىڭ ئەسلى ئىسمى «ئۇدۇن» بولۇپ خوتەنلىكلەرمۇ ئۇدۇن، دەپ ئاتالغان. قەشقەر خەلقى «كاچغىر»، قاشغىر» دەپ ئاتالغان. بەزى ئالىملار ئىراندىكى «قاچار» دېگەن تۈركلەرنىڭ ئەسلى شۇ قەشقەر تۈركلىرى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. «كۇچا» دېگەنمۇ شۇجايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ. ئاقسۇ ئۆلكىسىنىڭ كونا ئىسمى «ئۇچ» ئىدى. يېقىنقى زامانلارغىچە بۇ ئىسىم بار ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ ئۆلكىدە ئۇچ قەبىلە ياشايدىكەن ۋە بۇلار بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن «ئۇچ» دەپ ئاتىلىپ، خەلقىمۇ «ئۇچ» دېيىلىدىكەن.

كۆنسېرى تەرەققى قىلىپ ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدا يۈكسەلگەن بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ئىدارە ئاستىدا بولۇپ، رەئىسى«خان» دەپ ئاتالغان. خاننىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمدار«بەگ» دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىدارى تەشكىل تۈزۈمى ياساق ياكى تۈزۈت (قانۇن ـ تۈزۈم) بىلەن باشقۇرۇلغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار. بىر زامانلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتى شەھەر، ئىسسىقكۆل ۋە چۇ دەريا بويىدىن ئىبارەت غەربىي قىسمىدا 10 مۇستەقىل خانلىق دۆلەت بار ئىدى. قۇچۇ(تۇرپان)، ئىلى، ئېمىل(تارۇتاي)، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە

بەشبالىقتىن ئىبارەت شەرقىي قىسمىدا بولسا، توققۇز خانلىق بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇخانلىقلار نىڭ قاچانغىچە داۋام قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق ۋە بۇ دەۋردىكى ھادىسىلار توغرىسىدىمۇ ئىشەنچىلىك ماتېرىياللار يوق. بۇ خانلىقلار ئىچىدە داۋاملىق ئىچكىي ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇرغاندىن باشقا، تاشقىرىدىن كېلىدىغان تاجاۋۇز خەۋپىمۇ ھەر دائىم مەۋجۇد ئىدى. بۇسەۋەپتىن خانلىقلار بىرلىشىپ، بۈيۈك بىردۆلەت تەشكىلاتى ئاستىغا كىردى. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

## قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق

قەدىمكى تۈركلەر دە يېزىق كۆچ دەۋرىدىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى. يېزىق « پۈتۈك»، دەپ ئاتىلاتتى. يېزىقنىڭ شەكلى قەدىمكى مىسىر يېزىقى ھېرۇغىلىف (ھېرۇگلىف) غا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىم ۋە شەكىللەردىن ئىبارەت ئىدى. فىرات ۋە دىجلە دەريالىرى بويىغا كۆچكەن سۇمەر ۋە ئاققاد تۈركلىرى بۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئۇمۇملاشتۇرغان. كىتاۋىمىزدا بۇ يېزىقلار ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە قاراڭ). بۇ يەردە كۆچ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە تۈركلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان يېزىقنى بايان قىلىمىز.

كۆكتۈرك دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت ئورخۇن ۋە يەنسەي» دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلىرىدا بۇخىل يېزىقلار كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن تارىخ ئالىملىرى بۇ يېزىقلارغا «كۆكتۈرك ئېلىپبەسى» ۋە ياكى « ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقى» دەپ نام بەرگەن. مەن بۇلارنى« قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى»، دەپ ئاتاش مۇناسىب دەپ ھېساپلايمەن. چۈنكى، بۇ ئېلىپبە بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر باشقا پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

بۇ ئېلىپبە 38 ئىشارەت، يەنى، ھەرپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن تۆتى سوزۇق تاۋۇش قالغىنى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىدۇر. يازغاندا ئوڭدىن سولغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىلىپ يېزىلىدۇ. قەدىمكى تۈركلەردە بۇلاردىن باشقا بىرقانچە خىل يېزىق شەكىللىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار بىرقەبىلە ۋە بىر يۇرت ئاھالىسى بىلەنلا چەكلىك ئىدى. پۈتۈن تۈرك ئايماقلىرى ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن ئېلىپبە، تۆۋەندە بىزكۆرسەتكەن ئېلىپبە ئىدى. ھەتتا شۇ زامانلاردا ياۋروپادا ھۆكۈم سۈرگەن تۈركلەرمۇ بۇ يېزىقنى قوللانغان.كېيىنچە ئالاھىدە ئېلىپبە ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار تاملارغا، ئابىدىلەر(ئىبادەتخانىلار)، مـازار تاشلىرىغـــا ۋە باشقا تاش ئويما كىتابەلەردە(يازما يادىكارلىقلاردا) بۇ ئېلىپبەنى قوللانغان.

مىلادى 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بىر قانچە تارىخىي سەۋەپلەر بىلەن ئورخۇن يېزىقى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئومۇملاشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى «ئۇيغۇرلار» دېگەن بابدا بايان قىلىمىز.

## قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى

| | هەرپلەر — | ئوقۇلۇشى | | | هەرپلەر | — ئوقۇلۇشى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 - | 𐰀 | ئا، ئە | | 20 - | 𐰨 | ئـنچ | |
| 2 - | 𐰃 | ئي، ئى | | 21 - | 𐰘 | ى (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | |
| 3 - | 𐰆 | ئو، ئۇ | | 22 - | 𐰖 | ى (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | |
| 4 - | 𐰇 𐰈 | ئۆ، ئۈ | | 23 - | 𐰪 | ى (بەزى شۇندە «ن») | |
| 5 - | 𐰴 𐰴 | ق (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | | 24 - | 𐰭 | ڭ | |
| 6 - | 𐰶 | ق (ئىق تاۋۇشى بىرىدۇ) | | 25 - | 𐰣 | ن (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | |
| 7 - | 𐰸 | ق (ئوق تاۋۇشنى بىرىدۇ) | | 26 - | 𐰤 | ن (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | |
| 8 - | 𐰍 | غ | | 27 - | 𐰢 | م | |
| 9 - | 𐰚 | ك | | 28 - | 𐰼 | ر (يۇمشاق تاۋۇش) | |
| 10 - | 𐰜 | ك (ئۆ، ئۈ نىڭ ئالدى كېيىندە) | | 29 - | 𐰺 | ر (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | |
| 11 - | 𐰏 | گ | | 30 - | 𐰞 | ل ( قاتتىق تاۋۇشلۇق) | |
| 12- | 𐱃 | ت (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | | 31 - | 𐰠 | ل (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | |
| 13 - | 𐱅 𐱅 | ت ( يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | | 32 - | 𐰲 | چ | |
| 14 - | 𐰑 | د (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | | 33 - | 𐰽 | س | |
| 15 - | 𐰓 | د(يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | | 34 | 𐱁 | ش (س) | |
| 16 - | 𐰯 | پ | | 35 - | 𐰔 | ز( ) | |
| 17 - | 𐰉 | ب(قاتتىق تاۋۇشلۇق) | | 36 - | 𐰦 | ند | |
| 18 - | 𐰋 𐰋 | ب (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | | 37 - | 𐰡 | لد | |
| 19 - | 𐰱 | ئـچ | | 38 - | : | ئايرىش بەلگۈسى | |

كۆكتۈرك خاقانى بىلگەخاقانىنىڭ قېرىندىشى كۈلتېكىنىنىڭ قەۋرى تېشىغا مىلادى 732 - يىلى قويغۇزغان، ئورخۇن مەڭگۈ تېشى (كۈلتىگىن مەڭگۈتېشى) دىن 8 قۇرلۇق بىر پارچە :-



ئوقۇلۇشى: - تابغاچ بودۇن سابى سۇچىگ ئاغىسى يىمشاق ئەرمىش. سۈچىگ سابىن يىمشاق ئاغىن ئاراپ ئىراق بودۇنوغ ياغۇتىر ئەرمىش. ياغۇرۇ قوندۇقتا كىسرە ئايىغ بىلىگ ئانتا ئۆيۈر ئەرمىش. ئەرگۈ بىلگە كىشىگ ئادگۈ ئالپ كىشىگ يورتماز ئەرمىش . بىر كىشى ياڭىلسار ئۇگۇشى بولۇنى بىشۈكىڭە تەگى قىدماز ئەرمىش. سۈچىگ سابىڭا يىمشاق ئاغىسىڭا ئارتۇرۇپ ئۆكۈش تۈرۈك بودۇن ئۆلتۈگ.

مەنىسى: - تابغاچ (چىن مىللىتىنىڭ) سۆزى تاتلىق ئىپەك رەخلىرى يۇمشاق ئىكەن. تاتلىق سۆز ۋە يۇمشاق ئىپەكلىرى بىلەن ئالداپ، يىراق بولغان مىللەتلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. يېقىنلىشىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يامان چۇشەنچە(پىلان) لىرىنى ئۇ ۋاقىتتا تارقاتقىلى باشلايدىكەن. ياخشى، ئالىم كىشلەرنى ۋە ياخشى باتۇر كىشلەرنى ئالغا باستۇرمايدىكەن. بىركىشى ئۆزگىرىش قىلسا ئۇنىڭ خەلقىگە، مىللىتىگە، ھەتتا، بۇشۇكتىكى ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە رەھىم قىلمايدىكەن. تاتلىق سۆزىگە، يۇمشاق ئىپەكلىرىگە ئالدىنىپ، كۆپلىگەن تۈرك مىللىتى ئۆلدۈك.

## قەدىمكى تۈركلەردە دۆلەت تەشكىلاتى ۋە ھۇقۇق

قەدىمكى تۈركلەر دۆلەتنى «ئىل»، ھاكىمىيەت قۇدرىتىنى «قۇت» دەپ ئاتايتتى. ئومۇمەن تۈركلەر دۆلەت ۋە ياكى ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ مەقسىدى خەلقنىڭ تىنچ - ئامان ۋە ئادالەت ئىچىدە، باياشات ياشىشىنى تەمىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. بۇ مەقسەتتە ئۇيغۇن بىرقانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان، ھاكىمىيەتكە ئىتائەت قىلىدىغان مۇستەقىل توپلۇمنى تۈركلەر «ئىل» (دۆلەت) دەپ تونىغان. بۇ ئىلنىڭ بېشىدىكى كىشى«خان» ئىدى. ئومۇمىي قانۇننى شەرق ۋە شىمالدىكى تۈركلەر ئۆز

شىۋىلىرىگە قاراپ، «تۆرە» ۋە يا «تۈرە» دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلار بولسا «تۈزۈت» ، «تۈزۈك» ۋە «ياساق» دەپ ئاتىغان. بىز شەرقىي تۈركىستاندا هازىرمۇ «تۈزۈت» ئاتالغۇسىنى قوللىنىمىز.

دېمەك، تۈرك خانلىرى ئۆز ئېلىنى تۈزۈت بويىچە باشقۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. تۈزۈت، مىللەتنىڭ رەسمىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە قوبۇل قىلىنغان تۇرمۇشتىكى قائىدە - يۇسۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ئاساسەن ئۈچ يول بىلەن مەيدانغا كېلەتتى: 1 - ئۆرپ - ئادەت ياكى دىنىي ئېتىقات شەكلىدە ئاستا - ئاستا ئاساس سالغان قائىدەلەر. 2 - خاننىڭ مىللەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان يارلىغ (پەرمان) لىرى. 3 - خەلق چوڭ يىغىنى (قۇرۇلتاي) دا ماقۇللانغان قارارلار. خەلقنىڭ چوڭ يىغىنلىرى بۈگۈنكى پارلامېنتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر تەشكىل بولغانلىقتىن، بۇنى بىرئاز تەپسىلرەك بايان قىلىمىز:

قەدىمكى تۈركلەردە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىدا خەلقنىڭ مۇھىم رولى بار ئىدى. مەسىلەن: خان (خاقان، قاغان) بەلگىلەش، هۆكۈمەت تەشكىلاتىدا ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش ياكى سۈلهى كېلىشىملىرىنى تۈزۈشكە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەردە بىر ئومۇمىي چوڭ يىغىن ئېچىلاتتى. هەرقانداق بىر ئۇرۇش قورالى كۆتىرەلىگۈدەك قۇۋۋىتى بولغان هەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش هەققى بولاتتى. بۇنداق ئومۇمىي يىغىنلار «قۇرۇلتاي» ياكى «ساۋرۇن (سورۇن)» دەپمۇ ئاتالغان. مۇھىم ئىشلار بۇنىڭغا ئوخشاش سورۇندا هەل قىلىناتتى. خاننىڭ قول ئاستىدا دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىدىغان «بەگ» ۋە بۇلارنىڭ قارمىقىدا شادايىت (ئېل ئۆگىسى)، «تارخان (تارقان)» ۋە «بۇيرۇق» دېگەن، ئەمەلدارلار بارئىدى. قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك توپلۇلۇقلىرى غايەت توغرا ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ئۇيغۇن قانۇنغا ئاساسلانغان جەمئىيەتلەر دىن ئىبارەت ئىدى. مىسال ئۈچۈن بۇلاردىن ئاساسلىق بەزىلىرىنى بايان قىلىمىز:

قەدىمكى تۈركلەردە تۇرمۇش قۇرۇش ئائىلە ئۇسۇلى بىلەن بولغان نىكاهقا باغلىق ئىدى. نىكاھ رەسمى مۇراسىملار بىلەن، يەنى، «توي» بىلەن ئىجرا قىلىناتتى. نىكاھ ئۈچۈن كېلىننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى شەرت ئىدى. كۈيئوغول تەرەپ قانداقلا بولمىسۇن كېلىن تەرەپكە بىر مىقتار مال بېرىشى لازىم بولۇپ، بۇ «قالىق» دەپ ئاتىلاتتى. قالىق ئۈچۈن، بېشى ئات ئايىغى قويغا قەدەر مال بېرىش ئادەت بولغان. ئېرى ئۆلسە مىراس خوتۇنىغا قالاتتى. بالىلىرىغا ئانىسى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. كۆكتۈرك خاقانى ئىلتەرىش قاغان ئۆلگەندىن كېيىن بالىلىرىغا ئانىسى بىلگە قاتۇننىڭ ۋەسى بولغانلىقى ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى كىتابە(مەڭگۈ تاشتىكى يازما يادىگارلىق) لەردە يېزىلغان. تۇل قالغان ئاكىسىنىڭ خوتۇننى ئىنىسى ۋە ياكى هاياتتا بار چوڭ ئاكىسى نىكاهىغا ئېلىش تۈركلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە بەزى تۈرك قەۋىملىرى زامانىمىزدىمۇ رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرىدىن بىرىدۇر.

خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، تۈركلەر دە ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ بار ئىدى. ھەركىمنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىغىدا تېرىلغۇ يەرلىرى بار ئىدى. بۇ خۇسۇسى ئىگىدارچىلىقتا ھۆرمەت قىلىشنى ھەركىشى ئىنسانلىق ۋەزىپە دەپ بىلەتتى. ھايۋانلارغا تامغا بېسىش مۇلكىيەت (ئىگىلىك) ئالامىتى ھېساپلىناتتى. ئايماقلار ياكى شەخسلەر ئارىسىدا يەر، يايلاق ۋە باشقا مال ـ مۈلكلەر ھەققىدە ئىجرا قىلىنىدىغان كېلىشىم يېزىلاتتى. بۇ كېلىشىم ئانت (قەسەم) بېرىش بىلەن كۈچكە ئىگە بولاتتى. بۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكىلىرى، «پىچغاس»، خانلەر ۋە ھۆكۈمدارلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامەلار «پىچىغ» دەپ ئاتىلاتتى.

قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئاساسقا قۇرۇلغانلىقتىن، يۇرتتا تىنچلىق ـ ئامانلىق ۋە تەرتىپ ئىنتىزام ئورنىتىلغانىدى. مۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزامنىڭ مەۋجۇد بولۇشى، ماقۇل ۋە ئادالەتلىك جازا قانۇنلىرىنىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىدى. ئومۇمەن، سۈچ (جىنايەت) ئېغىر ۋە يېنىك دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئېغىرجىنايەتنىڭ جازاسى ئۆلۈم بولۇپ، بۇنىڭغا، يۇرت ۋە ئەلگە خىيانەت قىلغانلار، زىنا قىلغانلار، قاتىللار، جەڭدە قورقۇپ قاچقانلار، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر، ھۆكۈمەت بېشىغا چىقىۋالغان قابىلىيەتسىزلەر، ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلار ۋە باغلاغلىق ئاتنى ئوغۇرلىغانلار كىرەتتى. يېنىك جىنايەتلارغىمۇ مۇۋاپىق جازا ھۆكۈملىرى بارئىدى. بۇلارغا قارىغاندا قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ، ئىنتىزامنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكلىرى كۆرنۈپ تۇرىدۇ.

## قەدىمكى تۈركلەردە دىن

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىختا بىلىنگەن دىنى «شامان» (قام) دىنى ئىكەنلىكى مەلۇم. قەدىمدىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ قان قېرىنداش قوۋملىرى، قوشنا بولغان باشقا مىللەتلەرمۇ شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان. «شامان» دېگەن سۆز ئەسلىدە «قام» نىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇپ ئېيتىلىشىدۇر. بۇ دىنىنىڭ رۇھانىلىرى (شېيخلىرى) «توين» ۋە «قام» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. توينلەر ــ خەلققە دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاڭلىتىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق دىني مۇراسىملارغا رەھبەرلىك قىلاتتى. كېسەللەرنى داۋالاپ ۋە ئىبادەتخانىلاردا تۇرۇپ، زاھىتلىق قىلىپ، ئىبادەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇلار خەلققە ئارىلاشماي ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەنلا بولىدىغان ھەقىقى دىني پېشۋالار ئىدى. توينلارنىڭ چوڭلىرى «تەڭرىگەن» يەنى، خۇدانىڭ ئالىملىرى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ دىننى بەزىلەر «توين دىنى» دەپ ئاتايدۇ. قاملار ــ تۈركلەرنىڭ دىنى زاتلىرى بولۇپ خەلققە ئارىلىشىپ يۈرۈپ سېھىر ـ جادۇ قىلىش، دەم سېلىش، تۇمار يېزىپ بېرىش، بالا تۇغدۇرۇش ۋە پىرە ئوينىتىشتەك ئىشلارنى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىننى «قام دىنى» دېگۈچىلارمۇ بار. كېيىنچە، بۇ دىندا ئىلمىلىك ئازىيىپ، خۇراپىيلىق كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاملارنىڭ تەسىرى كۈچلىنىپ

تويىنلار ئازايدى ۋە تارىختا بۇلار«قام دىنى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى. بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتى تارىختا تۆۋەندىكىچە تەرىپلىنىدۇ:

يەر ۋە كۆكنى يوقتىن بارقىلغان بىرتەڭرى بار. بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمى «قاراخان تەڭرى». قاراخان تەڭرى سەككىزىنچى قات ئاسماندا ئولتۇرىدۇ. دۇنيانى باشقۇرۇش ئىشىنى قىلمايدۇ. يورۇقلۇق ئاتا قىلىش، رىزىق بېرىش، بەركەت بېرىش، بارقىلىش (يارىتىش - تۇغدۇرۇش)، ئۆستۈرۈش - ئۈندۈرۈش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى ئىدارە قىلىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك يەنە بىر تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى«ئۈلكەن». ئۇ بىرىنچى قات ئاسماندا ئولتۇرۇپ، يۇقىرىقى ئىشلارغا مۇئەككەل بولغان باشقا كىچىك تەڭرىلەرنى نازارەت قىلىدۇ.

قاراڭغۇلۇق، ئۆلۈم، ئاپەت، ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق، بوران، ئوت، سەل ۋە كېسەللىك قاتارلىق ھەرخىل يامانلىقلارنى باشقۇرىدىغان تەڭرىنىڭ ئىسمى «يەرلىكخان». بۇ يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن يامانلىقلارنى باشقۇرىدۇ. يەر يۈزىدىكى ھەممە يامانلىق ئەرۋاھلىرىمۇ بۇنىڭغا قارايدۇ. يەر ۋە سۇ تەڭرىسى، ۋە تۇغۇت تەڭرىچىسى « قاقىن ۋە ياكى ئۇماي قاتۇن» قاتارلىقلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر بىلىپ، چوقۇنىدىغان كىچىك تەڭرىلىرى ئىدى. يىلنىڭ بەلگىلىك چاغلىرىدا، بۇ تەڭرىلەرگە ئاتاپ ئايرىم - ئايرىم يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىبادەت قىلىش مۇراسىملىرى بار ئىدى. قۇربانلىقنىڭ ئەڭ ئەلاسى، قارا قاشقا ئات قۇربانلىق قىلىش بولۇپ، ئەرتە يازنىڭ باشلىنىش كۈندە، ئېگىز بىر يەرگە ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىناتتى. شامان دىنىنىڭ باشقا ئەقىدە ۋە ئىبادەت شەكىللىرى، مۇراسىملىرى، تويىن، قاملارنىڭ ۋەزىپىلىرى، دەرىجىلىرى ۋە خەلق بىلەن تەڭرى ئارىسىدا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە پىزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر بار. شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆزقاراش بار:1 - ئىسلام ئالىملىرىدىن قەدىمكى تۈرك دىنلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلار[9]. شامان دىنىنى ئەسلى ساماۋى بىردىن بولۇپ تۈرك پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق تارقالغان تەۋھىد(بىر تەڭرىگە ئىشىنىش) دىنىدۇر. كېيىنچە بۇ دىنىنىڭ ئاساسىغا

---

[9] «**شرح اسامي المسلمين**» دىن ئېلىنغان رىۋايەتكە كۆرە 25 تۈرك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى شۇ لار:

(1) ئامان (2) ئەمىيت(ھايات دېگەن مەنىدە) (3) ئومىيت (4) بىراخ ياكى بۇراق (5) تاھىن(تامۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلى ئىسمى تابۇدى (6)گۇسسان (ئەرەپ تارىخچىلىرى جەسسام دەپ يازىدۇ. بۇ زات تەۋراتتىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ، تۈركلەر ئۇنى گۇلدۇچ دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدۇ) (7) ھەركىل (ئەسلى ئىسمى ئەركىل) (8) سايۇس(ساۋان، ساۋاس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (9) سۇقۇن (قەدىمكى تۈركچىدە، ئۇمىدلەنمەك دېگەن مەنىدە) (10) دويۇل (بۇكىشى تۈرك بىن ئامۇر نىڭ دادىسى) (11) سا لاق (12) تاپقىر (ئابىد مەنىسىدە) (13) ئانۇق(ئاگلاش دېگەن مەنىدە) (14) غەددات، (15) قېتىن (16) گەدۇك (17) لايچۇر(ئەزىز دېگەن مەنىدە) (18) نارۇن (19) قامۇن (20) قىچاق (21) قىپچىل (22) قىمدۇن (23) ياسان (24) يەۋەك (ياۋرۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (25) ياقۇر ـ تۈرك بىن ياپەسنىڭ ئوغلى (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى) .

ھەرخىل خۇراپىلىق ئارىلىشىپ، بىرخىل بۇتپەرەستلىك ياكى تەبىئەتپەرەستلىك دىنىغا ئايلىنىپ كېتىپ شامان دىنىغا ئۆزگەرگەن، دەپ، قارايدۇ. 2 ـ ياۋروپالىق تارىخ ئالىملىرى، قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيتىنىڭ ھەممىسىدە دىنلەر، ئىنسانلىقنىڭ بەدەن، پىكىر، يەر ۋە ھاۋا شارائىتى ۋە تۇرمۇش ـ ھايات شەكىللىرىنىڭ تولۇقلىنىش باسقۇچلىرىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلغان ئىشىنىشلىرى دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىدەـ «تۆتەمىزىم» يەنى، ياخشى كۆرگەن ياكى قورققان بىر ھايۋان، بىردەرەخ، بىرچوقا تاش ۋە يا بىر تاغقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تەڭرى دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، يەنى، ئىبادەت قىلىش كېلىپ چىققان. ئىككىنچى باسقۇچتا ـ «ئانىمىزىم» روھقا چۇقۇنۇش ( ئۆلگەن دادىسى ياكى بىركاتتا كىشىنىڭ رۇھىغا ئىبادەت قىلىش) كېلىپ چىقتى. ئۈچىنچى باسقۇچتا ـ «ناتۇرىزىم» تەبىئەتكە، يەنى، تۇپراق، سۇ، ئوت، تۆمۈر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ئوتتۇرىغا چىقتى. تۆتىنچى باسقۇچتاـ «كۆك ناتۇرىزىمى» يەنى، ئاسمانغا، كۈنگە ئايغا ۋە يۇلتۇزلارغا چۇقۇنۇش كېلىپ چىققان. ئۇندىن كېيىن ئەقىللىرى تەرەققى قىلغانسىرى خۇداغا ئىشىنىش پەيدا بولدى. بۇ كۆز قاراش، بۈگۈن ئىلمىي كۆز قاراش، دەپ، قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بىرىنچى كۆزقاراشنى تامامەن ئىنكار قىلىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس. شامان دىنىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ دىندا «ساماۋىيلىك » نىڭ ئىزلىرىنىمۇ بايقايمىز. شۇنىڭدەك، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئېتىقات ۋە ئىبادەتلىرىدە تۆتىزىم، ئانىمىزىم، ناتۇرىزىم ۋەكۆك (ئاسمان) ناتۇرىزىمىنىڭ ئىزلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، قەتئىي بىر ھۆكۈم چىقىرىش مىنىڭچە توغرا بولمىسا كېرەك. تۈرك پەيغەمبەرلىرى دەپ تونۇلغان 25 كىشىنىڭ ئىسىملىرىنى «ئويدۇرما» دەپ كۆرستىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، «دىۋانى لۇغا تىت تۈرك » تە ئىسمى ۋە بىرقەدەر ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان «قۇلباق» دېگەن زاتنى پەيغەمبەردېگۈچىلارمۇ بار.

ئىككىنچى باب

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ
# خۇسۇسىي تارىخى

تارىخىي مەلۇماتلارنى باشلاشتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىسىنى قىسقىچە كۆزدىن كەچۈرۈشنى پايدىلىق كۆردۈم. چۈنكى تارىخنىڭ قىلاۋۇزى (يول كۆرسەتكۈچىسى) جۇغراپىيەدۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە جۇغراپىيىسى

شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كەڭرى بىر ئۆلكە. دۇنياخەرىتىسىدىكى ئورنى: 34 دەرىجە ــ 25 مىنۇت ۋە 49 دەرىجە ـ 30 مىنۇت شىمال. 73 دەرىجە ـ 25 مىنۇت ۋە 96 دەرىجە ـ 46 مىنۇت شەرقتە بولۇپ، شەرق تەرەپتە چىن ۋە موغۇلىستان، شىمالدا سىبىرىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمهۇرىيەتلىرى غەربدە ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتى ۋە ئافغانىستان. جەنۇبدا كەشمىر ۋە تىبەتكە تۇتىشىدۇ.

### يەر كۆلىمى

1.640.000كۋادرات كىلومېتر بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە:

تەكلى ماكان چۆلى ———— 445.000كۋادرات كىلومېتر

قۇمۇل چۆلى ———— 50.000كۋادرات كىلومېتر

ئالتاي چۆلى ———— 56.000كۋادرات كىلومېتر

ئالتى شەهەردىكى پارچە چۆللەر ـ 550.000كۋادرات كىلومېتر

يالاڭاچ ۋە مۇز تاغلار———— 155.000كۋادرات كىلومېتر

بۇجەمئى 761.000 كۋادرات كىلومېتر يەر ئىنسان ياكى هايۋان ياشاش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئىقتىسادىي جەهەتتە پايدىسىز بىر قىسىم هېساپلىنىدۇ. قالغان 879.000كۋادرات كىلومېترقىسمىنىڭ 17.062.651 مو(1.066.416هېكتار) تېرىلغۇ يەر، 867.775 كۋادرات كىلومېتر يايلاق ۋە ئورمانلىقتۇر.

### نۇپۇس

شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنگىچە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بىرنۇپۇس ساناش ئىشى ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. 1945 ـ يىلى ساقچى ئىدارىسى ئومۇمىي نۇپۇسنى 4.010.925 كىشى دەپ ئېلان قىلغان. 1946 ـ يىلى بۇنى 4.879.708 دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ هېچبىرى تولۇق بىر ئىستاتىستىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئەمەلىيەتتەنۇپۇسنىڭ بۇساندىن قات ـ قات ئارتۇق ئىكەنلىكىدە شۈبهە يوق.

1946 ـ يىلدىكى سانغا ئاساسەن تۈرك ئايماقلىرى ئومۇمىي ساننىڭ %90 نى، خىتاي %4.40 ، تۇنگان 2.06، موڭغۇل%1.31، شىۋە، سولان، مانجۇ ۋە رۇس بۇ تۆت مىللەت %1.23 نى تەشكىل قىلىدۇ. هەر

10كۋادرات كىلومېترگە 14 كىشى توغرا كېلىدۇ.

## تاغلار

پامىرتاغلىرى - يۇرتنىڭ غەربىي چېگرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تاغلىرىنىڭ ئانىسى ھېساپلىنىدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى تاغدۇمباش دېڭىز يۈزىدىن 6218 مېتىر يۇكسەكلىكتە.
قاراقورام تاغلىرى - پامىردىن باشلىنىپ، يۇرتنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنى قاپلايدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى ئېغىل دەپسەڭ، دېڭىز يۈزىدىن 8548 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنداتۇرىدۇ. (ئېۋېرىست چوققىسىدىن229 مېتىر تۆۋەن).
قاراڭغۇ تاغ - پامىردىن باشلىنىپ يۇرتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى قاپلايدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى تاغ - ئاتا، 7371 مېتىر.
ئالتۇن تاغ - قاراڭغۇتاغدىن 82 دەرىجە شەرقى - شىمالغا سوزۇلۇپ، ئىچكىي چىنگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى قىبقىرتاغ، 4068 مېتىر.
تەڭرىتاغلىرى - پامىردىن باشلىنىپ، غەرب ۋە غەربىي شىمالدا غەربىي تۈركىستان ۋە قىرغىزىستان ئارىسىدا چېگرالىق خىزمەتتە بولۇپ خان تەڭرى چوققىسىدىن تارتىپ يۇرتنى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، توغرا شەرققە قاراپ ئۇزاپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى خان تەڭرى، 7137 مېتىر.
قۇرۇق تاغ - تەڭرىتاغلىرىدىن باش ئەگمدە ئايرىلىپ، شەرق - جەنۇب تەرەپكەسىلجىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئەلىسىن تاغ ، 2554 مېتىر.
جۇڭغارىيە ئالاتاغ - غولجا ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە قازاقىستان چېگراسىدۇر. ئەڭ ئېگىز يېرى كۆك ئاتان، 2800 مېتىر.
تارباغاتاي تاغلىرى - چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ قازاقىستان چېگراسىدۇر. ئەڭ ئېگىز چوققىسى ساۋۇر مۇزتېغى، 3662 مېتىر.
ئالتاي تاغلىرى - ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمال ۋە شەرقىدە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان، قازاقىستان ۋە موغۇلىستان ئارىسىدا چېگرا تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى بىيەلۇكا، 4540 مېتىر.

## مۇھىم دەريالىرى

تېرىم دەرياسى - (بەزىلەر بۇزۇپ «تارىم» دەپ ئاتايدۇ) تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن دەرياسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 910 كىلومېتىر. قاراقورام تاغلىرىدىن باشلىنىپ، تېرىم (لوپ) كۆلگە تۆكۈلىدۇ.
خوتەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، چەرچەن دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى - بۇلار ئالتى

شەھەردائىرىسىدىكى دەريالار بولۇپ، تېرىم دەرياسىنىڭ باش تارماقلىرىدىن ئىبارەتتۇر.
ئىلا دەرياسى(بۇنى زامانىمىزدا «ئىلى دەرياسى» دەپ ئاتاش ئادەت بولغان) - تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىپ، بالقاش كۆلىگە تۆكۈلىدۇ. سۈيىنىڭ كۆپلىكى بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.
ئېرتىش دەرياسى - ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شىمالىي مۇز دېڭىزىغا تۆكۈلىدۇ. شەرقىي تۈركستاندا بۇلاردىن باشقا چوڭ - كىچىك ئېقىن سۇلارمۇ خېلى كۆپ.

## ھاۋا كېلىماتى

ئاساسەن مۆتىدىل بولۇپ، جەنۇبىدىكى تۈز يەرلەردە ئەڭ يۇقىرى ئىسسىق 38C ، شىمالدىكى تۈز يەرلەردە 33C ، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا 44C نىڭمۇ ئۈستىگە چىقىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئىسسىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەندۇر. يۇقىرى جايلاردىكى ئىسسىقلىقنىڭ نولدىن دىن تۆۋەنگە چۈشۈشى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ.

## يېغىن

قار، يامغۇر جەنۇبىدىكى تۈز يەرلەردە بەك ئاز ياغىدۇ. ھەتتا، يىل بويى ھېچ يېغىن ياغمايدىغان يەرلەر مۇبار. ئامما شىمالىي ۋىلايەتلەردە ۋە تاغلىق جايلاردا يېتەرلىك يېغىن ياغىدۇ. ئومۇمەن، يىلدىن يىلغا قۇرغاقچىلىق ئارتماقتا.

## ئىقتىسادىي ۋەزىيەت

شەرقىي تۈركستان باشقا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدەك زىرائەت مەملىكىتىدۇر. مۇھىم مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، قوناق ۋە باشقا ھەرخىل ئاشلىق ۋە ياغلىق دانلىرىدۇر. مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ھەرخىل يېمىشلىرىدىن ئۈزۈم، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ياڭاق، كاۋا، قاپاق، بادام، قوغۇن، تاۋۇز، ھەرخىل ئۆتياش ئېھتىياجغا يەتكۈدەك چىقىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى بولسا پاختا، كەندىر ۋە چىگە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچى ئىقتىسادىي مەنبئى چارۋىچىلىق بولۇپ، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەكلەردىن 18 مىليون چارۋا مال بار. بۇلاردىن ئېلىنىدىغان تېرە ۋە يۇڭمۇ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبە ھېساپلىنىدۇ.

## كان

ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، ۋۇلفرام، مولىبدېن، ئارسىنك، گۈڭگۈرت ۋە گرافىت قاتارلىق مەدەنلەر مول بولۇپ بۇلاردىن بەزىلىرى ھازىر غىچەكونا ئۇسۇللار بىلەن قېزىپ چىقىرىلىدۇ. بۇلاردىن كۆپراقى تېخىچە يەرئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

## هۈنەر ـ سانائەت

شەرقىي تۈركىستاندا هەرخىل خام ئەشيا ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ماشىنالاشقان سانائەت قۇرۇلغىنى يوق. ئاساسەن قول سانائەت ياكى يېرىم ماشىنالاشقان ئۇسۇل بىلەن يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، تېرىچىلىك، زىلچە ـ گىلەمچىلىك، زەرگەرچىلىك ۋە باشقا ئاددى سانائەتتىن ئىبارەتتۇر.

## تىجارەت

تاشقى تىجارەت چىن، سوۋېت، پاكىستان ۋە هىندىستان بىلەن بولۇپ، تاۋارلار يىپەك، پاختا، يۇڭ، تېرە، تىرىك مال (هايۋان) گىلەم ۋە قۇرۇق يېمىشتىن ئىبارەت. ئالىدىغانماللار بولسا هەرخىل ماشىنا، ئاۋتوموبىل، كىيىملىك رەخ ، دورا، بوياق، چاي، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا پىششىق ماللاردۇر.

ئىچكى تىجارەت، جەنۇبىنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى شىمالغا يۆتكەپ سېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ،كۆپ ئەهمىيىتى بار.



هۇنلارنىڭ دىنى مۇراسىملىرىدا قۇربانلىق ئۈچۈن جابدۇپ هازىرلانغان «قارا قاشقا» ئاتلار.

## شەرقي تۈركستاننىڭ تارىخي
## دەۋرلىرى

شەرقي تۈركستاننىڭ مىلاددىن ئىلگىرى 2000 ـ يىلىدا، تۆمۈر ۋە مىس دەۋرىنىڭ زامانىسىغا لايىق ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە تۆمۈر ۋە قۇيۇچ (پولات) تىن نەرسەكېرەكلەر ياساپ ساتقانلىقىنى بىلىمىز. شەرقي تۈركستاننىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشىنى، ئەنە شۇچاغلاردىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تونۇساقمۇ، ئەپسۇسكى، بۇلارنى توغرىلايدىغان ۋەسىقىلەر تېخىچە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. شۇنداقلا، شەرقي تۈركستان تارىخى ھەققىدە ئاستايىدىل بىر ئىلمىي تەكشۈرۈشمۇ باشلانغىنى يوق. شۇڭا، بۈگۈنكى تارىخىي ماتېرىياللارغا قاراپ، شەرقي تۈركستاننىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىش زامانىنى، مىلاددىن ئىلگىرىكى 7ـ ئەسىردىن بۇرۇن باشلانغان دەپ، تەخمىن قىلىمىز ۋە تۆۋەندىكىچە بەش دەۋرگە بۆلۈپ كۆزدىن كەچۈرىمىز:

1 ـ رىۋايەتلەر ۋە قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگەكۆرە قەدىمكى تارىخ دەۋرى

2 ـ ھۇن بىرلەشمە دۆلىتىگە قوشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرى

3 ـ ھۇن بىرلەشمە دۆلىتىگە قوشۇلغاندىن تارتىپ، ئىسلام دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرى

4 ـ شەرقي تۈركستان خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرى

5 ـ مانجۇ ئىستېلاسىدىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگىچە ئۆتكەن دەۋرى

———— :::::::::: ————

بىرىنچى بۆلۈم

## رىۋايەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆرە شەرقي تۈركستاننىڭ قەدىمكى تارىخى

تۈركستاندا مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردا بۈيۈك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى رىۋايەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە زامانىۋىي تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلانغان. پەقەت بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ياكى سانى، قانداق قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللار بەك ئاز. ھەممىدە، بۇلار بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ دەۋرلەرگە ئائىت ئاساس مەنبە بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار تۈرك يۇرتلىرىدا بولۇپمۇ شەرقي تۈركستاندا بەك ئاز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولغا كەلگەن ماتېرىياللار ئۈستىدە دېگەندەك ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ

بىرىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى تارىخىمىزھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىلىم ساھاسىدا ئۆزىگە يارىشا ئورۇنغا ئېرىشكىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، تۈركىستاننىڭ ئۇ دەۋرىگە ئائىت ھازىر بار ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارنىڭ قىممىتى ئىراننىڭ «پىشدادىيان» ئەپسانىلىرىدىن، ھىندىستاننىڭ «ۋېدا» لىرىدىن، چىننىڭ «بەش ئىمپېراتورلۇق ، ئۈچ سۇلالە ھىكايە» لىرىدىن، روما ۋە يۇنان ئەپسانىلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ باشلانغۇچ تارىخىي ۋەقەلىرى ئېقىلغا توغرا كەلمەيدىغان خۇراپات ۋە ئەپسانىلەر، تەبىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن بولمىغان مۇبالىغە ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز. ۋاھالەنكى، تۈركىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە ئائىت بولغان تارىخىي مەلۇماتلاردا ئۇنداق مۇبالىغە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھەقتە قولىمىزغا كەلگەن ئەدەبىي رىۋايەتلەر ۋە باشقا ۋەسىقەلەردىن مۆھتەرەم كىتابخانلارغا قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن.

## ئىران رىۋايەتلىرى

ئىراننىڭ تارىخىي رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، مىلاددىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى تۈركىستاندا **تۇران** دېگەن چوڭ بىر دۆلەت بار ئىدى. ئىران بىلەن بۇ دۆلەت ئارىسىدا يىللارچە داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن، تۇران دۆلىتى ئىران ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولسىمۇ. كېيىنچە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. ئىران شاھلىرىدىن فەرىدۇن ۋە مۇنۇچەھرە بىلەن تۇران خاقانى ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئىران شاھى نوزەرنىڭ زامانىسىدا، ئاپراسىياپ 40,000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئىرانغا بېسىپ كىرىپ، نوزەر نى ئۆلتۈرۈپ، ئىراننى قولىغا كىرگۈزدى ۋە 12 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئىراندا يۈز بەرگەن ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە ئارقىسىدىن كەلگەن ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئىراننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. زاب ۋە كەيقۇباد قاتارلىق ئىران شاھلىرىمۇ، ئاپراسىياپ بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ، ئاپراسىياپنى چېكىندۈرگەن. كەيكاۋۇس، دەسلەپتە ئاپراسىياپقا بويسۇنۇپ، باج تۆلەپ، دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىن ئارىلىرى بۇزۇلۇپ كۆپ قان تۆكۈلدى. كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سياۋۇشنى، ئاپراسىياپ دەسلەپتە ئۆزىگە كېيۇغول قىلىۋالغان بولسىمۇ كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سياۋۇشتىن كېيىنكى ئىران شاھى بىلەن ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە چوڭ ئۇرۇشلار بولدى. ئىران ئاپراسىياپتىن ئۇرۇش مەيدانىدا ئىنتىقام ئالالماي، مەخپىي ئادەم يوللاپ، سياۋۇشنىڭ تۈركىستاندا تۇغۇلغان ئوغلى كەيخۇسراۋنى ئېلىپ قاچتى. كەيخۇسراۋ ئىران تەختىگە چىققاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلاددىن بۇرۇنقى 530 - يىلى، ئاپراسىياپقا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. مىلاددىن بۇرۇنقى 529 نچى يىلى، ئىرانلىقلار ئاپراسىياپنى بىر يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى ۋە شۇنىڭ بىلەن كەيخۇسراۋ تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىنى «

ئۆرە تەپە» گىچە بېسىۋالدى. يۇنان كىتابلىرىدا بۇ جاينى«كىروپولىس» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھادىسە نەتىجىسىدە، تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلدى. لېكىن، تۈركلەر پۇرسەت تاپسىلا، كەيخۇسراۋ بېسىۋالغان جايلارغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردى. لەھراسىپ زامانىسىغا كەلگەندە، تۈركلەر يەنە بىرلىشىپ، ئىرانلىقلارنى ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسىنىڭ غەرب ياقىسىغا قەدەر ھەيدەپ چىقاردى. لەھراسىپ پۈتۈن ھاياتى بويىچە (رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 120 يىل) تۈركلەر دىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بەلخ شەھىرىدە تۇرغان. كېيىنچە، تۈرك خاقانى «ئەرجاسپ» ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشتا لەھراسىپ ئۆلدى. ئۇرنىغا تەختكە چىققان گىشتاسپ، ئەرجاسپقا باج - سېلىق تۆلەپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىراننى ئىدارە قىلدى. بۇ جەرياندا ئىراندىكى ئوتقا چوقۇنىدىغان «ئاتەشپەرەست» لىكنىڭ ئىجادچىسى «زەردۇشت» نىڭ تەشۋىقى بىلەن، گىشتاسپ ئەرجاسپنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلدۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ئەرجاسپ، ئۇرۇش ئېلان قىلدۇ ۋە ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن گىشتاسپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئەرجاسپ ئۇنىڭ قىزلىرىنى گۆرۈ ئېلىپ، تۈركىستانغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئاخىردا، گىشتاسپنىڭ ئوغلى «ئىسپەندىيار» بىر سۇيىقەست بىلەن ئەرجاسپ ۋە دۆلەت كاتتالىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۈركلەر تا ئىسكەندەرنىڭ ئىراننى بېسىۋالغانلىقىغا قەدەر، ئىرانغا ھۇجۇم قىلالىغۇدەك بىر كۈچلۈك دۆلەت قۇرالمىدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن بىز، بۇ 2000 يىللىق زامان ئىچىدىكى تۈركىستان خاقانىنىڭ «ئاپراسياپ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا بۇ «ئافراسياپ» دېگەن كىشىنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن،كەيخۇسراۋ زامانىسىدىكى خارەزىم ئۇرۇشىدا بۆكتۈرمە(يۇشۇرۇن سۇيىقەست) بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمىنىڭ ئىرانلىقلار ئېيتقاندەك «ئاپراسياپ» ئىكەنلىكى باشقا مەنبەلەردىنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تۈرك خاقانلىرىنى «ئاپراسياپ» دەپ ئاتاش، رىۋايەتچىلەرنىڭ خاتاسى بولسا كېرەك.

## ئاسۇر رىۋايەتلىرى

ئاسۇرلاردىن قالغان قەدىمكى يادىكار كىتابەلەرگە قارىغاندا «ئاسارھادۇن» (مىلاددىن بۇرۇنقى 669 - 680 - يىللىرى) دەۋرىدە، قاراڭغۇلۇق دەرياسىدىن چىققان كىمىرلار قافقاس(كافكاسىيە) تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھېچبىر توسالغۇغا ئۇچرىماستىن ئانادولۇ يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئىشغۇزاي (يۇنانلارچە ئىسكىت ) لەر قافقاسنىڭ شەرقىگە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي ئىراننى ۋە ئاسۇر(ئىراق) نىڭ كۆپ يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە بىرقىسىم يەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاسۇر پادىشاھى ئۇرۇشتا ئىسكىتلەرنىڭ باشلىقى ئىشياكايا نى ئۆلتۈردى .

## يۇنان رىۋايەتلىرى

يۇنان رىۋايەتلىرىدە، مەشھۇر يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت (Herodotos مىلادىدىن - بۇرۇنقى 385 - 425 - يىللىرى) نىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، غەربتە تۇنا دەرياسىدىن، شەرقتە تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ يەرلەردە ئىسكىت دۆلىتى بار ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ خاقانى پروتاسىينىڭ ئوغلى مادىياس(ئاپراسىياپ) مىلادىدىن 603 يىل ئىلگىرى ئىرانغا يۈرۈش قىلدى ۋە شۇ چاغدىكى ئىران شاھى كىياخەسرانى بويسۇندۇرۇپ، ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا 28 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كىياخەسرا(كىياكسارىس) مادىياسقا ئىتائەت قىلىپ جان باقماقتا ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 625 - يىلى كىياخەسرا، بىر زىياپەتتە سۈيىقەست پىلانلاپ، مادىياس ۋە ئۇنىڭ قۇماندانلىرىنى مەس قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. باشلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىسكىتلار كىياخەسرانىڭ ھۇجۇملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئىسكىت مەملىكىتىگە چېكىنىپ كەتتى.

ئىران شاھى دارا II(مىلاد ىدىن ئىلگىرىكى (485 — 825 - يىللىرى) نىڭ دوختۇرى (تېۋىپى) بولغان يۇنانلىق تارىخچى كىتاسىياس (Ctesis) نىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، قىرۇش(كەيكاۋۇس) ئىراننىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى جەڭگىۋار قەھرىمان خەلقنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ بىر قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلدى، 5 - 6 يىل شىددەتلىك ئۇرۇشلار داۋام قىلدى. دەسلەپتە، قىرۇش باختىريا (باكترىيە) ئۆلكىسى(بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بەلخ، مەيمەنە ۋە قەتىغەن دېگەن جايلىرى) گە ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردىكى خەلق يۇنانچە «داخى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خەلق، دەسلەپتە قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ يۇرتىنى قوغدىغان بولسىمۇ، كېيىن، قىرۇشنىڭ مەد پادىشاسى ئىستاغ (ئىستاگ) نىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىرقتىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. (داخىلار بولسا بۇرۇنقى تۇرانلار دىن ئىدى). ئۇنىدىن كېيىن، مارژيانا(خۇراسان)، ۋارىزمىيە(خارەزىم) ۋە سۇغدىيانا(سەمەرقەنت) لارنى ئالدى. ئىران قوشۇنلىرى ياكسارت (سىر دەرياسى) بويلىرىغا يېقىنلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىدىغان ھۇجۇمنى توسوش ئۈچۈن، بىرقانچە قورغانلار ياساتتى. بۇلار دىن ئەڭ چوڭى، ياكسارتنىڭ مۇھىم كېچىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان «قىرۇشخانە» (يۇنانچە - كىروپولىس) بۈگۈنكى ئۆرەتېپە قورغىنى ئىدى. بۇھادىسە مىلادىدىن بۇرۇنقى 546 — 539 - يىللىرى ئارىسىدا يۈزبەرگەن. مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى سوقرات نىڭ شاگىرتلىرىدىن، خىنوفانس(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 380 — 320 - يىللىرى) نىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە، شۇنىڭدىن كېيىن، قىرۇش(كەيكاۋۇس) شەرقتىكى، يەنى، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمكى تۇرانلاردىن بولغان قەھرىمان ساقالارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ساقالارنىڭ خاقانى ئامۇرگىز قىرۇشنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى[10].

[10] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە ساقا «ساك»، ئامۇرگىز«ئامۇرغى» دەپ ئېلىنماقتا. ت. ئالماس، 56 - 57 - 58 - بەت (ن. ش. ھ.).

بۇنىڭ بىلەن قىرۇش ساقالار مەملىكەتىنى قولغا كەلتۈردۈم دەپ خىيال قىلغان بولسىمۇ، ئامۇرگىزنىڭ ئايالى سىياراتىرا قالغان ساقا ئەسكەرلىرىنى يىغىپ،300,000 ئەر ۋە 200,000 ئايالدىن تەركىپ تاپقان 500,000 كىشىلىك بىرقوشۇن تەشكىللەپ قىرۇشقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرئالدى. قىرۇش سۈلھى قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سىياراتىرا ئەسىر ئىران ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئېرى خاقان ئامۇرگىزنى قۇتقازدى. قىرۇش باج - سېلىق تۆلەشكە ۋە ئۇرۇشتا ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، يۈتۈشتى.

ھىرودوتىس(ھىرودوت) نىڭ يەنە بىر رىۋايىتىگە قارىغانداقىرۇش. ياكسارت (سىر دەرياسى) نىڭ شەرقىدىكى ماساجىتلارنىڭ ئايال خانى مەلىكە «تومرىس» (يۇنانچە ئاتىلىشى تۇمارىس) بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغان. تومرىس بۇتەلەپنى رەد قىلغان. قىرۇش بۇنى بىر ھاقارەت دەپ بىلىپ ماساجىتلارنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇشتا، مەلىكە تومىرىسنىڭ باشقوماندان ھەم ۋەلىئەھدى بولغان ئوغلى سىيارغاس ياربدار بولۇپ ئەسىرچۈشكەن. سىيارغارىس. ئەسىرلىكنى نۇمۇس دەپ بىلىپ سىيارغاس ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدۇ. ئوغلىنىڭ ئۆلۈمدىن ناھايىتى قاتتىق غەزەبلەنگەن ئايال خان تومرىس، چوڭ بىر قوشۇن بىلەن قىرۇشقا ھۇجۇم قىلدى. ھىرودوتىسنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا ئۇزامانغا قەدەر ھېچبىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇزۇن ۋە قانلىق ئۇرۇش خېلى بىر مۇددەتكىچە بەراۋەرلىكتە داۋام قىلىپ ئاخىرى، ماساجىتلار غەلىبە قىلىپ. ئىران قوشۇنلىرىنىڭ بۈيۈك بىرقىسمى ئۆلۈپ ئازراق بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان. مەلىكە تومرىس، ئۆلگەنلەر ئارىسىدىن قىرۇش(كەيكاۋۇس) نىڭ جەسىدىنى تاپقۇزۇپ. بېشىنى كېسىپ. قان بىلەن تولدۇرۇلغان بىر تۇلۇمغا سېلىپ ئېسىپ قويۇپ، «مەن غەلىبە قىلدىم ۋە ياشاۋاتىمەن. سەن ئوغلۇمنى ھىيلە بىلەن مەندىن ئايرىدىڭ، قانغا تويمىغان قانخۇر ئەندى مەن سېنى قانغا تويغۇزىمەن!» دەپ ئۆچىنى ئالغانمىش. (بۇ ۋەقە مىلاددىن ئىلگىرىكى 520 - يىلى بولغان)

كىتاسياسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، دارا I ، 800,000 ئەسكىرى بىلەن ئانادولىغا بېسىپ كىرىپ، ئۆيەردىن ئىستانبۇل بوغىزىغا كۆۋرۈك سالدۇرۇپ ئۆتۈپ، بالقان يولى بىلەن تۇنا ۋە دون دەرياسى بويلىرىدىكى غەربىي ئىسكىت لارغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئىسكىتلەر پۈتۈن تېرىلغۇلىرىنى ، يايلاقلىرىنى ۋە مال - مۈلكلىرىنى كۆيدۈرۈپ ھەتتا، قۇدۇقلىرىنىمۇ تىندۇرۇۋېتىپ پايانسىز يۇرتلىرىنى بىرچۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىراقلارغا چېكىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دارا نىڭ ئەسكەرلىرى ئاچلىق، سۇسىزلىق ۋە يۇقۇملوق كېسەللىكلەر دەستىدىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

دارا بۇ ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەتكەن. لېكىن، دارانىڭ قەبرى بېشىغا قويۇلغان «نىستۇن (ھېستىيۇن)» يازما يادىكارلىقلىرىدا بۇ ئۇرۇشتىن سۆز ئاچماستىن، تۈركىستاندا. ساقالارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقلا يېزىلغان.

ھىرودوتنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئىران ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرى بولغان داراI -

نىڭ شاھلىق زامانىسدا(مىلاددىن ئىلگىرىكى 521 ـ 485 يىللىرى)، غەربدە مىسىر، يۇنان، سۇرىيە ۋە ئانادول قاتارلىق جايلار ئىران ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، شەرقتە ياكسارتقا (سىردەريا) چېگرىداش ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئىرانلىقلار ۋە يۇنانلار«ساقا»، دەپ، ئاتىغان تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ ـ غەربىي قىسمى ئىران چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، شەرقىي قىسمى مۇستەقىل ئىدى.

خىنۇفاس بىر رىۋايىتىدە: ئىران شاھى ئەردىشىر ئۆلگەندىن كېيىن، پارىس ئىمپېراتورلوقىنىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىنىشىغا قەدەر(مىلاددىن ئىلگىرىكى 359 ـ 330 ـ يىللىرى)، ساقالار ئىران ئىمپېراتورلوقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىغان مۇستەقىل ۋە دوست بىرخانلىق ئىدى.

مىلادى بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان يۇنان تارىخچىسى Diodor نىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، دارا III تەختكە چىققاندا، ئىرانىنىڭ شەرقىي چېگراسى ئاكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ئىدى. يەنى، بۇ، ساقالار مۇستەقىل ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ. ماكېدونىيىلىك بۈيۈك جاھانگىر ئىسكەندەر ئىرانىنى ئالغاندىن كېيىن، ساقا مەملىكىتى (تۈركىستان) گە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ساقالار ئۆز يۇرتىنى ناھايىتى قەھرىمانلىق بىلەن قوغدىدى. نەتىجىدە، ساقالارنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇشتىن، ئۇلارنى دوست ۋە ياردەمچى ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىسكەندەر، سۇغدىيانا(بۇخارا ۋە سەمەرقەند) خاقانى ئوقسىيارنىڭ قىزى مەشھۇر روكسانا(روشىنىك) بىلەن ئۆيلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر سىر دەرياسى بويلىرىغا قەدەر ئىلگىرلەپ كىروپولىس (ئۆرەتېپە) نى ئاخىرقى ئىستېھكام قىلىپ ياساپ قايتتى. قايتىشتا، قەھرىمان ۋە ئۇستا ئوقچى ساقالار دىن بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىسمىغا قوشتى. خىنۇفاسىنىڭ بۇ رىۋايىتىدە، ئىسكەندەرنىڭ سىردەريا بويىدىن قايتىشتىكى سەۋەبلەردىن سۆز ئاچمىغان. «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» تە ئىسكەندەرنىڭ قايتىش سەۋەبى تەپسىلى بايان قىلىنغان. بۇلارنى يېرى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## ھىندىستان رىۋايەتلىرى

ھىندىلارنىڭ مۇقەددەس دىنىي كىتابلىرىدا ساكادۇپا (ئىسكىت مەملىكىتى) دا تۈرۈشكا ئىسىملىك خەلقلەر ياشايدۇ دەپ، يېزىلغان. ھىندىستانىنىڭ مىلاددىن بۇرۇنقى زامانىغا ئائىت تەزكىرىلىرىدە تۈرۈشكا لارنىڭ تۇران خاقانى فېرىدۇننىڭ ئەۋلادى ۋە ئۇلارنىڭ خاقانى بولغان ئاپراسياپنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمران بولۇپ، كېيىنچە سەمەرقەنتتە ۋاپات قىلغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغان. ھىندىستانىنىڭ ئۇدەيپۇر راجالىرىنىڭ ئائىلە تارىخنامىلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى تۈرۈشكا دىن بولغان «باپا» ئىسىملىك بىر قەھرىمان ئىكەنلىكى يېزىلغان[11]. باپا ئۇدەيپۇرغا كېلىپ،

[11] راجا ـ ھىندىستانىنىڭ كىچىك يەرلىك ھۆكۈمدارلىرى، كىنەزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ن. ش. ھ.) .

دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى قۇمان نى قويۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنمىش. هازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇدەيپۇر راجالىقىنىڭ راجا لىرى، ئۆزلىرىنى قۇمانىنىڭ ئەۋلادى دەپ هېساپلاپ، قۇمانىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولغان «هۇمان» دېگەن لەقەمنى قوللىنىپ كەلمەكتە. ئاۋرۇلشتايىن نەشر قىلغان «راياناريىنگان» دېگەن، كەشمىرنىڭ قەدىمكى تارىخنامىسىدا، هىندىستاندا ئۆتكەن پادىشالاردىن كۇشكا، هۇشكا ۋە كانىشكا لارنىڭ تۇرۇشكا لاردىن ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرستىلىدۇ. تۇرۇشكا نى چىن تارىخچىلىرى «يۆچى»، هىندىستان تارىخچىلىرى بولسا «ساقا» دەپ ئاتايدۇ ۋە مىلادى 1 ـ ئەسىردە دۆلەت قۇرغانلىقلىرىنى يازىدۇ.

10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە فىزىك ئالىمى ئەبۇ رەيهان بىرۇنى مەشهۇر كانىشكا ئۇستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى «قانىق» دەپ، ئالىدۇ. دېمەك بۇ هۆكۈمدارنىڭ ئەسلى ئىسمى تۈركلەردە قەدىمدىن تارتىپ مەخسۇس ئىسىم ۋە ياكى بىر ئايماق ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن «قانىق»، دېگەن ئاتالغۇنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئاسىيا تىللىرى ئىچىدە ئالاهىدە بىرخۇسۇسىيەتكە ئىگە قەدىمكى هىند تىلى بولغان سانسكرىت ترانسكرىپسىيىسى بۇيىچە «قانىق»كانىشكا دەپ، تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇخۇددى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن چىن تىلىنىڭ سۆز قۇرۇلۇشى ئايرىم بولغانلىقتىن چىنلىقلار تىلىمىزكەلىمەلىرىنىڭ هېچبىرىنى بۇزماي تەلەپپۇز قىلالمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، چىنلىقلارنىڭ مۇهەممەد نى «موخامەيدى»، تۇرسۇننى «تۇئەرسوڭ» ... دېگەنلىرىگە ئوخشاش.

ئەبۇ رەيهان بىرۇنىنىڭ بۇئاتالغۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى كۆرستىپ بېرىشى، بىزنىڭ قەدىمكى هىند تارىخي ئەسەرلىرىدىكى بىر قانچە ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى شەكلىنى ئېنىقلاب چىقىشىمىزغا يول ئېچىپ بەردى. بىز بۇ يول بىلەن مېڭىپ، «تۇرۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى «تۈرك »، هۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى «ئۇيۇك ۋە ياكى هۆيۈك» ۋە «كۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى بولسا «كۆيۈك» دەپ، جۇرئەتلىك ئېيتالايمىز. يەنە ئەبۇرەيهان بىرۇنى، ئافغانىستانىنىڭ ناگىرگۇت قەلئەسىدىن كابۇلدا ئۆتكەن تۈرك پادىشالىرىنىڭ بىرىپەك تۇمارغا يېزىلغان نەسەب شەجەرىسى تېپىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدا ئاتمىشقا يېقىن(مىلاددىن بۇرۇنقى10 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىي 1030 ـ يىلىغا قەدەر ئۆتكەن) هۆكۈمدارلارنىڭ شەجەرىسى يېزىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇيەردە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى قەدىمكى تارىخچىلىرى بولسۇن مەيلى، هازىرقى زامان تارىخچىلىر بولسۇن، هەممىسى بىردەك بۇ شەجەرىدە ئىسمى يېزىلغان كابۇل پادىشاھ لىرىنىڭ «ساقا» لاردىن ئىكەنلىكىنى تەئىيد قىلماقتا. بەزى تارىخچىلار بولسا ئۇلارنى، بىزيۇقىرىدا بىرئاز سۆزلەپ ئۆتكەن (تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز)، كانىشكا يەنى قانىقلارغا مەنسۇب قۇشخان (كۇشان) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. ئافغانىستاندا يېزىلغان « تارخچەء آسيا» دېگەن ئەسەردە «ئىران تارىخلىرىدا ئاپراسياپ، دەپ، ئاتىغان تۈرك خاقانىنىڭ

تۈركچە ئىسمى **بۇقاخان** بولۇپ، ئافغانىستان ۋە ئىرانىنى ئىشغال قىلغان، بىرقانچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن، كېيىنچە، چېكىنىپ تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان.

### تۈرك رىۋايەتلىرى

تۈرك شەجەرەسىنىڭ يازغۇچىسى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا تۈركلەر 19 ئايرىم دۆلەت بولۇپ ياشىغان. بۇلاردىن ئونى غەربدە بولۇپ غەربىي شىمال ۋە جەنۇبىدىكى ئېگىز مۇزتاغلار ۋە شەرقتىكى پايانسىز قۇملۇق چۆللەر بىلەن چېگرالانغان ناھايىتى كەڭ بىرزېمىنگە ئىگە بولغانىكەن. توققۇزى بولسا چۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، تېخىمۇ كەڭ يۇرتقا ئىگە ئىكەن. بىر زامانغا كەلگەندە غەربىدىكى ئون دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىر يەرگە كېلىپ، كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇشقا قارارقىلىشىپتۇ. ئارىلىرىدىن بىرىنى بۇ بىرلەشكەن دۆلەتكە خان قىلىپ بەلگىلەپ ئۇنىڭغا«ئەل ئىلتەر» دېگەن ئۇنۋان بېرىپتۇ ۋە بۇ دۆلەتنى «ئون ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرقتىكى توققۇز دۆلەتمۇ بىرلىشىپ بىردۆلەت قۇرغان. بۇلارنىڭ خانى «كۆل ئەركىن» دەپ ئاتىلىپ، دۆلىتىگە « توققۇز ئۇيغۇرلار» دەپ نام بەرگەن. بۇ ئىككى دۆلەت ئۇزۇن يىللار داۋام قىلىپ، كېيىنچە، بۇ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كۈچلۈك دۆلەت ھالىغا كەلگەن. بۈيۈك دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى «قاراخان» ئۇنۋانىنى ئالغان. مەشھۇر ئاپراسىياپ بۇ قاراخانلاردىن بىرى ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ قاچان يىقىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئۇستادىم مۇراد رەمزى ئەفەندىنىڭ «تلفيق الاخبار» دېگەن ئەسەرىدە، بەزى زامانىۋى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ئوغۇزخان زامانىسىغا يەنى مىلاددىن بۇرۇنقى 2850 يىللىرىغا توغراكېلىدۇ ؛ دەپ، كۆرسەتكەنلىكىنى يازغان.

« تۈركى تىللار دىۋانى» دا، مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: [12] « ئاپراسىياپنىڭ ئۇنۋانى خاقان ئىدى. بۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن ھېكايىلەر بار. «خان» ئۇنۋانى بولسا، ئاپراسىياپ جەمەتىدىن بولغان ئەرلەرگە بېرىلەتتى. ئاياللىرى «قاتۇن (خاتۇن)» ياكى « تىرىم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئاپراسىياپ قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى ياخشى كۆرۈپ، قەشقەردە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ئوردا كەند(پايىتەخت) دەپمۇ ئاتالغان. بارچۇق ئاپراسىياپ زامانىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بەختنەسىر(نابۇقۇن ئاسۇر 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاسۇر پادىشاسى) نىڭ ئوغلى بىتزىن نى بۇ شەھەردە قاماققا ئالغان. ئىراندىكى قەزۋىن شەھىرىنى ئاپراسىياپنىڭ قىزى «قازقاتۇن» بىنا قىلغانمىش. بەزىلەر ئىراندىكى قەزۋىن ۋە قۇم شەھىرلىرىنى شۇچاغدىكى تۈرك يۇرتلىرى چېگراسى ئىچىدە ئىدى، دەپ، قارايدۇ. «قۇم» دېگەن تۈركچە سۆز. قاز قاتۇن قۇم شەھىرىنى ياخشى

[12] «تۈركى تىللار دىۋانى»1ـ توم 122ـ بەت، 3ـ توم 656ـ بەت، بېسىم ئاتالاي «دىۋانى لۇغاتىت تۈركنىڭ تۈركچەتەرجىمىسى» 90 ـ بەت، 3ـ توم 416ـ بەتلەرگە قاراڭ (ن. ش. ھ. ).

كۆرگەنلىكتىن داۋاملىق بۇ شەھەردە تۇراتتى ۋە ئوغا چىقاتتى. ئالپ ئەرتۇڭا(ئاپراسىياپ) مەرۋ شەھىرىنى بىنا قىلغان. بۇخارا نىڭ يېنىدا «يېڭى كەند» (يېڭى كەنت) دېگەن بىر شەھەر بارئىدى. ئىرانلىقلار بۇ شەھەرنى«روبىندوژ»، يەنى، تۆۋەتتىن ياسالغان قورغان دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، بەك مۇستەھكەم بىر قورغان ئىدى. ئاپراسىياپ، قىزى قازقاتۇننىڭ ئېرى سىياۋۇشنى (ئىران شاھزادىسى) بۇ شەھەردە ئۆلتۈرگەن. ئىلدىكى قاز(قاش) دەريا سىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى، قاز قاتۇننىڭ بۇ دەريا بويىدا ئېگىز بىر قورغان ياساتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بارمان ۋە بارسغان شەھەرلىرىنى ئاپراسياپنىڭ «بارمان» ۋە «بارسغان» ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىنا قىلىپ، شەھەرگە ئۆز ئاتلىرىنى قويغان. مېنىڭ دادام (مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ دادىسىنى دېمەكچى) ئۇشبۇ شەھەردىن» . مەھمۇد قەشقىرى ئۇز ئەسەرىدە يەنە، ئىسكەندەرنىڭ تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەنلىكى ۋە ئاخىردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سۈلھى قىلىپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسكەندەر سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ بولۇپ، تۈركىستانغا تېخىمۇ ئىلگىرلەپ يۈرۈش باشلىغاندا تۈركىستاننىڭ خانى «شۇ» ئىسىملىك ياش بىركىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بىر قوشۇنى بار ئىدى. خاقان «شۇ» ئۆزخەلقىگە ۋە ئەسكەرلىرىگە ھېچ تۇيغۇزماستىن، باشقوماندان مۇھاپىزەتچىلىرىدىن 40 كىشىنى تاللاپ، خوجەند دەرياسى بويىغا يوشۇرۇنچە يوللايدۇ. بۇلارغا، ئىسكەندەرنىڭ سىر دەريادىن ئۆتۈشىنى ۋە شەرققە قاراپ يۈرۈش يولىنى بايقاپ، دەرھال خاقانغا خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. بىركۈنى دۆلەتنىڭ كاتتىلىرى خاقاندىن «ئىسكەندەر يېقىنلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى باشقا بۇيرۇقىڭىز بارمۇ؟ » دەپ سورايدۇ. خاقان بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن، سارايىدىكى كۆمۈش كۆلچەكتە ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن غاز ـ ئۆردەكلەرنى كۆرسىتىپ، «بۇلارنى تاماشا قىلىڭلار» دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار تازا خاپا بولۇشۇپ، خاقاننىڭ ئۇرۇش قىلىش ياكى چېكىنىش پىلانى يوقكەن، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. لېكىن، خاقان خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، خەۋەرچىلەرنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ ئۆزىنىڭ يولغا قويىدىغان بىرپىلانى بار ئىدى. بىركېچە، خەۋەرچىلەر قايتىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خاقان دەرھال يۈرۈش دۇمبىقىنى چالدۇرۇپ كېچىلەپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەرققە قاراپ مېڭىپ كەتتى. بۇنداق، تۇيۇقسىز قاچقاندەك يۈرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن خەلقمۇ، قولىغا ئۇچرىغاننى ئېلىپ ئۇلاغلىرىغا يۈكلەپ، خاقاننىڭ ئارقىسىدىن شەرققە قاراپ قاچتى. ئەرتىسى يۇرتتا ھېچكىم قالمىدى. يۇرت ئادەمسىز بىرچۆلگە ئايلاندى. ئۇچاغدا بۇمەملىكەت خەلقى چېدىرلاردا ياشايتتى. بالاساغۇن ۋە ئىسپىجاپ قاتارلىق شەھەرلىرى تېخى بىنا قىلىنمىغانىدى. خاقان شۇ ئەسكەر ۋە خەلقىنى باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا شەرققە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىسكەندەر خاقانىنى قاچتى دەپ بىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ شۇ ماڭغىنىچە پۈتۈن چىننى ئالىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. خاقان ئۇزۇن يول مېڭىپ ئۇيغۇلار يۇرتىغا

يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قايتتى. 4000 جەڭگىۋار يىگىتنى تاللاپ ئۇلارغا بىر ئۆگە(تەجرىبىلىك ياشانغان سەركەردە) نى باشلىق قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىگە باسقۇن قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا كىيگەن قالپاقلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە لاچىننىڭ قانىتىغا ئوخشاش قانات بار ئىدى. ئۇلار ئالدىغا ئوق ئېتىپ نىشانغا نەق تەككۈزگەندەك ئارقىچىلاپمۇ دەل نىشانغا تەككۈزەلەيدىغان بەكمۇ ئۇستا نىشانچىلار ئىدى. ئىسكەندەر بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغانمىش. بۇتۈرك ئەسكەرلىرى، بىر كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت باسقۇن قىلدى ۋە قاتتىق زەربە بېرىپ، پەرىشان قىلىۋەتتى. مەھمۇد قەشقىرى، بۇ ئۇرۇشتا يۈزبەرگەن بىر تارىخىي ۋەقەنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىرتۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ،كىندىكىگىچە ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. بۇ ئەسكەرنىڭ بېلىدا بىرخالتا تىللا بارئىكەن. قىلىچ بۇ خالتىنىمۇ پارچىلىغان. قانغا بۇلانغان ئالتۇن تىللالار يەرگە تۆكۈلۈپ ھەرتەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. ئەرتىسى تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا بۇلانغان ئالتۇن تىللالارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا، بۇلار نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئەسكەرلەردىن بىرى «ئالتۇن قانغۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەردىكى كىچىك بىرتاغنىڭ ئىسمى «ئالتۇن» تاغ بولۇپ قالغان. بۈگۈنمۇ (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ زامانىسىدا) ئۇيغۇر يۇرتىغا يېقىن جايدىكى بىر تاغ تۆپىسى ئالتۇن قان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەتراپتىكى چارۋىچىلار بۇ يەرگە كېلىپ ماللىرىنى ئوتلىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىسكەندەر يېڭىلىپ خاقان شۇ بىلەن سۈلھى تۈزۈپ قايتىپ كەتكەن. خاقان شۇ ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، بالاساغۇنغا يېقىن جايدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، بۇ شەھەرگە«شۇ» دەپ نام بەرگەن». شۇ قەدىمكى «چۇ» بولسا كېرەك. بۇ شەھەردىن ھېچ ئەسەر يوق. ئەمما، يېقىندىكى بىردەريا چۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ[13] .

### تەنقىد ۋە مۇھاكىمە

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ئىچىدە ئىران رىۋايەتلىرى، خۇراپاتلىق ئارىلاش ھېكايىلار ئارىسىدىن سۈزۈپ ئېلىشقا مۇمكىن بولغان ۋە ئېقىلغا مۇۋاپىق پارچىلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ

[13] خاقان «شۇ» نىڭ بۇ ھەرىكىتى، قېچىش بولماستىن بەكمۇ ئۈستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۇرۇش تاكتىكىسى ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىنى يېڭىپ، يۇناندىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بېسىپ كەلگەن بۈيۈك «جاھانگىرئىسكەندەر» نى سىر دەريا بويىدا توساپ، ئۇرۇشۇش خاقانغا مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى. ئىسكەندەرنى سىر دەريا بويىدىن تارتىپ ئۆرۈمچىنىڭ يىقىنلىرىغا قەدەر مىڭلارچە كىلومېتىر ئىنسانسىز ۋە سۇسىز چۆللەردە سۆرەپ يۈرۈپ، تازا ھارغۇزۇپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىستاپ ئۇنى ھازىرلىقسىز بىر پەيتتە ئۇرۇشقا مەجبۇرقىلىش «بۈيۈك ئىسكەندەر» نى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

(مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى)

يېزىلغان ۋاقتى، ئۇبۇلقاسىم مەنسۇر فىردەۋسى(ھىجرى 329 ـ 411 يىللىرى) نىڭ «شاھنامە» سى بىلەن باشلىنىدۇ. فىردەۋسى بۇلارنى، ئىران خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ياكى شۇ چاغلاردا تېپىلغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى «شاھنامە» نى خەلق ھېكايىلىرى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا قاراپلا ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بىرقىسمىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دەپ، قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرقىسمىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

(1) ئىراننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىردە يېزىلغان دىنىي كىتابلىرىدىن ئويىستا(ئاۋېستا) نىڭ باش قىسمىدىكى «زائوسترا» دېگەن بابدا، يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى تەستىقلەپ تۇران خاقانلىرىدىن «پىران» ۋە «تىران» دېگەنلەر ھەققىدە ئوچۇق مەلۇمات بېرىدۇ.

(2) دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي كلاسسىك تارىخ كىتابلىرى دەپ ھېساپلانغان يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىمۇ، ئىران رىۋايەتلىرى تەستىقلايدۇ.

(3) ھىندىستاندا مىلادىدىن ئىلگىرى يېزىلغان ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھىندۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ۋە تەزكىرە ناملىرىدىكى ۋەسىقىلەرمۇ يەنە، بۇ رىۋايەتلەرنى تەستىقلايدۇ.

يۇنان رىۋايەتلىرى بولسا، ئىلىم دۇنياسىدا تارىخىي ھۆججەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كلاسسىك تارىخ كىتابلاردىن ئېلىنغان. رىۋايەت قىلغۇچىلار(ھېرودوت، كتىياسىياس ۋە خىنۇماس قاتارلىقلار) مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار بولۇپ، يازغان ئەسەرلىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىران رىۋايەتلىرىدىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەتتۇر. بۇلارغا يەنە، قوشۇمچە بەزى رىۋايەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: ئەڭ قەدىمكى يۇنان مەنبەلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 850 ـ يىللىردە ئۆتكەن، ھومېرۇسنىڭ «ئىليادا ۋە ئودىسا» دېگەن ئەسەرلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 9 ـ ئەسىردە ياشىغان «ھۇسۇد» بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە ياشىغان «ئىشىل» ئىسىملىك يۇنان شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىسكىتلارنى ئەڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت دەپ تەرىپلەيدۇ. ھېرودوت قاتارلىق مەشھۇر يۇنان تارىخچىلىرىمۇ، ئىسكىتلارنى شۇ چاغدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ باتۇر، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە ئۈستۈن بىر مىللەت دەپ يازىدۇ. بۇ تارىخچىلار يەنە، يۇنان پادىشا (قەيسەر) لىرى باللىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىسكىتلاردىن ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كەلگەن، دەپ، يازىدۇ.

ئودىسا، كيىف (كېۋ)، موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدا ئىسكىتلارنىڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتىنى كۆرسىتىدىغان قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ھۆججەتلەر تولۇپ تاشىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان پاكىتلارمۇ ئىسكىت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مىلادىدىن مىڭلارچە يىل ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئەسەرلەردىن ۋە يات مەنبەلەردىن ئۆگىنىۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، بۇلار بىزنىڭ تولۇق تارىخىمىزنى يېزىش ۋەزىپىسى بولمىغانلار. تۈركلەردە ئۆز مىللىي تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئادىتى قەدىمكى زامانلاردا يوقمىدى؟ بولسىمۇ بۇلارنىڭ ئىزى يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئەپسۇسكى، بۈگۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى تارىخىمىز ھەققىدە يېزىلغان بىرمۇ مىللىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بار - يوق ھۆججەتلىرىمىز ئەجنەبىلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ئازغىنا بىرقىسىم ئارخېئولوگىيلىك ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرى، غايەت پارلاق نۇرچېچىپ تۇرغان ھەيبەتلىك بىر ھەيكەلدەك، ئىلىم دۇنياسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تەپسىلى تارىخىي ئەھۋالىنى ئىلمىي يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش - تەدقىقاتلار ۋە ئارخېئولوگىيلىك قېزىشلاردىكى كەشپىياتلار بىلەن بۇ جەھەتلەردە كۆپ مەلۇماتلار مەيدانىغا چىقىدۇ ۋە تارىخىمىزدا بۈگۈنگىچە قالغان بوشلۇقنى تولۇقلايدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

## ئافراسىياپ مەرسىيەسى

(1)

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر

(2)

بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ
قازغۇئانى تۇرغۇزۇپ
مەڭزى يۈزى سارغارىپ
كۆركۈم ئاڭا تۇرتۇلۇر

(3)

ئاۋلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ
يىرتىپ ياقا ئۆر لەيۇ
سىقرىپ ئۈنى يۇرلايۇ
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر

(4)

ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى
بەگلەر بېگىن ئازىتتى
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر

(5)

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى
يەتمىش ياشىغ قارتادى
كەچمىش ئوزۇگ ئەرتەدى
تۈن كۈن كىچپئەرتەلۇر

(6)

ئۆزلەك قامۇغ گۆرەدى
يۇنچىغ ياۋۇز تەپرەدى
ئەردەم ئارىغ ساۋرەدى
ئاژۇن بىگى چەرتەلۇر

(7)

بىلگە بۆگۈ يۇنچىدى
ئاژۇن ئانى يەنچىدى
ئەردەم ئاتى تىنجىدى
يەرگە تىگىپ سۇرتۈلۈر

(8)

ئۆزلەك كۈنى تەپرەتۇر
يالڭۇق كۈچىن گۆرەتۇر
ئەردىن ئاژۇن ساۋرەتۇر
قاچسا تەقى ئەرتەلۇر

(9)

ئاتسا ئوقىن گەزگىرىپ
كىم تۇر ئانى يېغدىچى
تاغىق ئاتىپ ئوغراسا
ئۆزى قويى يىرتىلۇر

بۇلارغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نىڭ رىۋايەتلىرىگە كەلسەك، ئاپراسىياپنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، مۇھىم تۈرك شەھەرلىرىنى، ئىسكەندەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۈرك خاقانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇداپىئە قىلغانلىقىنى ناھايىتى جانلىق ۋە ئېنىق سۈرەتتە بايان قىلغان. ئىران، يۇنان، ھىندىستان ۋە باشقا مەنبەلەردىن ئاڭلىغان شەرەپلىك تارىخىمىزنى «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»، تۈرك مىللىي ئۇسلۇپ بىلەن زىننەتلەپ، ئۇ رىۋايەتلەردىن قولغا كەلگەن مەلۇماتلارنى تولۇقلايدۇ. ئاپراسىياپنىڭ «خاقان، ئالپ ئەر تۇڭا ۋە بەگلەربېگى» دېگەنگە ئوخشاش ساپ تۈركچە ئۇنۋانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمىنى ئىرانلىقلار «فرەنكس» دەپ يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈركچە ئىسمىنىڭ «قازخاتۇن» ئىكەنلىكىنى دىۋاندىن بىلدۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە، بىرقانچە مەسىلىلەرنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئىسكەندەرنىڭ تۈركىستاندىن قايتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىران، يۇنان ۋە باشقا مەنبەلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن. بۇنداق ئاچكۆز ۋە پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولىمەن دەپ بارغانلا جايدا غەلىبە قىلىپ، كېلىۋاتقان جاھانگىر «بۈيۈك ئىسكەندەر» نىڭ ئېقىلغا ماقۇل كېلىدىغان بىرسەۋەپ بولماي تۇرۇپ، چېكىنىپ كېتىشى مەنتىقىغە ھېچ توغرا كەلمەيدىغان بىرئىش. ئەلبەتتە. ئىسكەندەرنىڭ چېكىنىشىدە مۇھىم بىر سەۋەپ بارلىقىنى لېكىن، تارىختا ئىسكەندەرنىڭ ۋەقەنۇۋىسلىرىنىڭ بۇسەۋەپنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن يازمىغانلىقى، ھەرقانداق بىر تارىخچىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەلكى، بۇ چېكىنىشنىڭ سەۋەبى چوڭ بىر يېڭىلىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا بۇنى يېزىش ئىسكەندەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇ شەكىلدىكى بىرمەغلۇبىيەت، ئىسكەندەرنىڭ شەرەپى ئۈچۈن، غۇرۇرى ئۈچۈن بىر نۇمۇس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەقەنۇۋىسلار بۇ ۋەقەنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشلىرى مۇمكىن. مانا، تارىخچىلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى جەلب قىلىۋاتقان بۇ مەجھۇل سەۋەپنى بىزگە دىۋان ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. يەنى خاقان شۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان بىر ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن ئىسكەندەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقىنى ۋە ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۈلھى قىلىش ۋە چاپسان قايتىپ كېتىشتىن باشقا چارە تاپالمىغانلىقىنى دىۋاندىن ئاڭلىدۇق. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، دىۋاننىڭ رىۋايەتلىرىنى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت دەپ باھا بېرىمىز. دىۋان رىۋايەتلىرىنىڭ بىرلا كەمچىلىگى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ قىسقا بولىشىدۇر. چۈنكى، دىۋان بىر تارىخ كىتابى ئەمەس، لۇغات كىتابى بولغانلىقىدىن بىرسۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىدى بىلەن مىسال كەلتۈرگەن ۋەقەلىكنى مۇمكىن قەدەر قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەن. دىۋاندىكى ئاپراسىياپ مەرسىيەسى، ئاپراسىياپنىڭ تۈرك تارىخىدا قانچىلىك بۈيۈك بىر شەخسىيەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تۈرك مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ (ئافراسىياپ مەرسىيىسگەقاراڭ).

## خۇلاسە

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت شۇكى، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىدىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇھىم مەركەز قىلىنغان ھالدا تۈرك يۇرتلىرىدا بىر ياكى بىرقانچە چوڭ دۆلەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى تۇران، ساقا (ساك) ۋە ماساجىت (ماساگىت) دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىسىملەر بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىران، يۇنان ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلىرى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كەشمىر ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى زامان ۋە ماكاندىكى قۇرغۇچىلىرى بولغان خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئىسمىنىڭ «تۈرك» ئىكەنلىكى ئەڭ كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانماقتا. بۇ دۆلەتلەرنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ۋاقتىنى بۇ رىۋايەتلەردىن بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەر دىن بولۇپ، تازا روناق تاپقانلىقىنى يازىدۇ. شۇ چاغلاردا تۈرك مىللىتىگە ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە قارشى تۇرغان دۆلەت ئىران ۋە بىتەرەپ تۇرغان دۆلەت يۇنان ئىدى. بىتەرەپ مەنبەلەرنىڭ ئىلمىلىك جەھەتتە ئەڭ ئادىل ھۆججەتلەر ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر. دۈشمەننىڭ قارشى تەرەپنىڭ پايدىسىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى ھەممە كىشنى قايىل قىلىدىغان دەلىلدۇر. بۇ ھۆججەت ۋە دەلىللەرگە بىتەرەپ بولغان ھىندىستان مەنبەلىرىنىڭ، تېخىمۇ ئايدىڭلاتقۇچى ۋەسىقىلەرنى قاتقانلىقىنى يۇقىرىدا كۆزدىن كەچۈردۈك.

شۇنداقلا «تارىخچەء آسيا»، ئۇبۇلغازى باھادىرخان ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتلىرى يۇقىرىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى: بۈگۈنگىچە يۇقىرىدىكى پاكىتلارنى رەد قىلىدىغان ياكى يالغان دەپ ئىسپاتلىيالايدىغان ھېچقانداق بىر رىۋايەت ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ئەكسىچە، بۈگۈنگىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، موسكۋا، لېنىنگراد، لوندون، بېرلىن ۋە دېھلى مۇزېيلىرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن پاكىتلارغا قاراپ، تارىختا ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك دۆلەتلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەممىدىن بۇرۇن تۈركلەرنىڭ قۇرغانلىقىنى قەتئى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا ئەجدادلىرىمىز دىن ئاپراسىياپ ( بۇقاخان ـ ئالپ ئەرتۇڭا ـ بەگلەر بېگى)، پىران، تىرايانا، پروتاسيە، مادايىس، ئامۇرگىز ۋە خاقان شۇ قاتارلىق خاقانلىرىمىز ۋە بۈيۈك جاھانگىرلارنى يەڭگەن قەھرىمان تومرىس(تومارىس) خاتۇن ۋە سىياتىرا(سىماتىرا) خاتۇن قاتارلىق قىرالىچە لىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق[15]. بىراق، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەجنەبىلەر يازغان

[15] «قىرالىچە ياكى كىرالىچە» ئەسلى سلاۋيانچە، ئايال پادىشا (ئۇيغۇرچە «خانىش») دېگەن مەنىدە (ن. ش. ھ.).

ئەسەرلەردىن ۋە يات مەنبەلەردىن ئۆگىنىۋاتىمىز. ۋەھالانكى، بۇلار بىزنىڭ تولۇق تارىخىمىزنى يېزىش ۋەزىپىسى بولمىغانلار. تۈركلەردە ئۆز مىللىي تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئادىتى قەدىمكى زامانلاردا يوقمىدى؟ بولسىمۇ بۇلارنىڭ ئىزى يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئەپسۇسكى، بۈگۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى تارىخىمىز ھەققىدە يېزىلغان بىرمۇ مىللىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بار - يوق ھۆججەتلىرىمىز ئەجنەبىلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ئاغزىنا بىرقىسىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرى، غايەت پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ھەيبەتلىك بىر ھەيكەلدەك، ئىلىم دۇنياسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تەپسىلى تارىخىي ئەھۋالىنى ئىلمىي يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولماي ۋاتىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش - تەدقىقاتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىكى كەشپىياتلار بىلەن بۇ جەھەتلەردە كۆپ مەلۇماتلار مەيدانغا چىقىدۇ ۋە تارىخىمىزدا بۈگۈنگىچە قالغان بوشلۇقنى تولۇقلايدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

## ئافراسىياپ مەرسىيەسى

(1)
ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر

(2)
بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ
قازغۇئانى تۇرغۇزۇپ
مەڭزى يۈزى سارغارىپ
كۆركۈم ئاڭا تۇرتۇلۇر

(3)
ئاۋلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ
يىرتىپ ياقا ئۆر لەيۇ
سىقرىپ ئۇنى يۇرلايۇ
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر

(4)
ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى
بەگلەر بېگىن ئازىتتى
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر

(5)
كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى
يەتمىش ياشىغ قارتادى
كەچمىش ئوزۇگ ئەرتەدى
تۈن كۈن كىچپېئەرتەلۇر

(6)
ئۆزلەك قامۇغ گۆرەدى
يۇنچىغ ياۋۇز تەپرەدى
ئەردەم ئارىغ ساۋرەدى
ئاژۇن بىگى چەرتەلۇر

(7)
بىلگە بۆگۈ يۇنچىدى
ئاژۇن ئانى يەنچىدى
ئەردەم ئاتى تىنجىدى
يەرگە تىگىپ سۇرتۇلۇر

(8)
ئۆزلەك كۈنى تەپرەتۇر
يالگۇق كۈچىن گۆرەتۇر
ئەردىن ئاژۇن ساۋرەتۇر
قاچسا تەقى ئەرتەلۇر

(9)
ئاتسا ئوقىن گەزگىرىپ
كىم تۇر ئانى يېغدىچى
تاغىق ئاتىپ ئوغراسا
ئۆزى قويى يىرتىلۇر

(10)

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن
تويدىن ئانى كۆچۈرگەن
ئىشلار ئۈزۈپ كەچۈرگەن
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ

(11)

تۈرغان ئۈلۈق ئىشلاقا
تەرگى ئاۋرۈپ ئاشلاقا
توملۇق قەدىر قىشلاقا
قودتى ئەرىگ ئۈمدۈرۈر

**هازىرقى زامان ئۇيغۇرچىدا نەسرى يەشمىسى:**

قەھرىمان يولۋاس ئۆلدىمۇ؟ يامان دۇنيا بىزگە قالدىمۇ؟ پەلەك (زامان) ئۇنىڭدىن ۋە بىزدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى بۇ مۇسىبەتتىن يۈرەكلىرىمىز پارە ـ پارە بولماقتا. بۇ ئېغىر مۇسىبەتتە، بەگلەر ئاتلىرىنى ھەرتەرەپكە چاپتۇرۇپ ھارغۇزدى. قايغۇدىن ئوررۇقلاپ، ياداڭغۇلىشىپ كەتتى. يۈزلىرى ۋە كۆزلىرى زەپەر سۈررۈپ قويغاندەك ساغىرىپ كەتتى. ئۇلار ئاپراسىياپقا ماتەم تۇتۇپ يىغلاپ، بۆرىدەك ھۇلاشتى. ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتتى. دەرت بىلەن مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدا ئۈن سېلىپ پەرياد قىلىشتى. كۆپ يىغلاشتىن ئۈنلىرى پۈتۈپ قالدى. تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. پەلەك ئۇزۇن زاماندىن بىرى ئاپراسىياپقا دۈشمەن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ كۈچى يەتمەي، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغاندى. تۇزاق قۇرۇپ ، بەگلەر بېگىنى ئالداپ، تۇزاقىقا چۈشۈردى. پەلەكنىڭ بۇنداق ئالدامچىلىقى ۋە سۇيىقەستىدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلغىلى بولسۇن؟ ئاپراسىياپنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمىزنى ئېچىدىن كۆيدۈردى. ساقايغان جاراھەتنى تاتىلاپ قاناتتى. كۆڭلۈم ئۆتكەن ياخشى چاغلارنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيدۇ. كېچىلەر ۋە كۈندۈزلەر ئۆتكەنسىرى، كۈنلەرنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن. زامان پۈتۈنلەي ئاجىز بىرھالغا كېلىپ قالدى. تۆۋەندىكى بىلىمسىز سىنىپلار ۋە يامانلار قوزغالدى. پەزىلەت ياكى ئىلىم ـ ئەخلاق قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، دۇنيا ھۆكۈمدارى ئاپراسىياپنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىدۇر. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئالىملار ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھالى يامان بولدى. دۇنيا ئۇلارنى ئەزدى. پەزىلەتنىڭ نامى سېيىسدى، سېسىق ئەتكە ئوخشاش خارلاندى ۋە نەپرەتكە ئۇچرىدى. خۇددى يەرگە چۈشۈپ سۆررۈلۈپ قالغىندەك. پەلەك كۈنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ياخشى ئىنسانلارنىڭ كۈچى ئازقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئەرلەر(باتۇرلار) ۋە يارامىلىق كىشلەر قالمايدۇ. پەلەك، قارشى تۇرغانلارغا تېخىمۇ بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى يوقاتماي قالمايدۇ. پەلەك ئوقنى نىشانغا بەتلەپ ئاتسا، ئۇنى كىم توسالايدۇ؟ ئەگەر ئوق بىلەن تاغنى ئېتىپ يوق ئېتىشنى كۆزلىگەن بولسا تاغ چوققىسىنى پارچىلاپ، جىلغىنى تىندىرۇۋېتىدۇ. پەلەكنىڭ ئادىتى شۇنداق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، چوقۇم ھەرخىل باھانە ۋە بۆھتانلىرى بار. ئەگەر، قەستلەپ ئاتسا، تاغ چوققىسىمۇ توزۇپ كېتىدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ ئوتىنى ئۆچۈرگەن ۋە لەشكەرگاھلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەجەل ئوقى تېگىپ ئۆلدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم
## ئىسكەندەر دەۋرىدىن ھۇن دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان

بۈيۈك جاھانگىر ئىسكەندەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن 327 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىلىپ، چېكىنىپ قايتىپ كەتكەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۇن دۆلىتىگە قوشۇلغان زامانغا قەدەربولغان ئارىلىق، يەنى، 120 يىللىق بىرمەزگىل، تارىخ سەھنىسىدە ئەڭ قاراڭغۇلۇقتا قالغان دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋرگە ئائىت ھېچقانداق بىر يازما ئەسەر ۋە ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال تېپىلمىدى. پەقەت، مىلادى 150 ـ يىلى يېزىلغان ۋە دۇنيا ئىلىم ساھاسىدا دەسلەپكى يېزىلغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە جۇغراپىيە كىتابى دەپ تونۇلغان «بىتلامىيۇس ـ پتولېمايۇس» (*Ptolemis*) جۇغراپىيىسىدا، تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى كۆرىمىز:

غەربدە (ۋلغا) ۋولگا دەرياسى، شەرقتە بۈيۈك دېڭىز بىلەن چېگرالانغان مەملىكەت ئومۇمەن «ئىسكىتا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسكىتانى، ئىماۋۇس تاغلىرى ئوتتۇرىدىن، غەرب ۋە شەرق ئىككى قىسمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبدا بولسا، ئىمۇئۇيىل تاغلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان. بۇ كەڭ مەملىكەتنى ئىماۋۇس تاغلىرى غەرب تەرەپتە تۆۋەندىكى مەملىكەتلەرگە بۆلىدۇ:

1 ـ ۋولگا دەرياسىدىن باشلاپ تەخمىنەن ئالتايغىچە ــ ئاسىيا سارماتىياسى
2 ـ جەنۇبداخەزەر (كاسپىي) دېڭىزى، ھندۇقۇش تاغلىرى ۋە ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ـ باكترىيانا
3 ـ ئوكسۇس (ئامۇ) ۋە ياكسارت (سىر) دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ــ سۇغدىيانا
4 ـ سۇغدىيانانىڭ شەرقىدىن ئىماۋۇسقىچە سوزۇلغان جاي ساقارۇم (ساقا) يۇرتى[16]
5 ـ ئىماۋسنىڭ شەرقىدىكى مەملىكەت ـ ئىسكىتيا سىرىكا دۇر.

پتولېمايۇسنىڭ بۇ مەلۇماتلىرى كۆرۈنۈشتە، تەبىئىي جۇغراپىيە ۋەزىيىتىنى كۆرسەتسىمۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا «ئىسكىتيا» يەنى، ئىسكىتلار مەملىكىتىنىڭ چېگراسى دەپ كۆرسىتىلگەن چېگرا، ھۇن دۆلىتىنىڭ چېگراسىنىڭ دەل ئۆزى. چۈنكى، پۈتۈن تارىخچىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرىچە، «مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۇن دۆلىتىنىڭ

[16] بىتلامىيۇستا كۆرسىتىلگەن بۇ جايلارنى ھازىرقى زامانىۋى جۇغراپىيىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە: «ئىماۋۇس تاغلىرى» ئالتاي تاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇگۈنكى قاراڭغۇ تاغ، قاراقۇرۇم، پامىر ۋە ھىندۇقۇش تاغلىرىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇمۇرتقا سۆڭىكىنى پتولېمايۇس «ئىمۇئۇيىل» دېگەن بىرئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. بۇگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننى بولسا، «ساقارۇم» يەنى، «ساقا مەملىكىتى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

تېرىتورىيىسى غەربدە، ۋولگا دەرياسى، خەزەر دېڭىزى. جەنۇبدا ھىندۇ قۇش، پامىر، قاراقۇرۇم، قاراڭغۇ تاغ (كۇئىنلۇن)، ئالتۇن تاغلار ۋە سېرىق دەريا. شەرقتە كورىيە ۋە ياپۇن دېڭىزى، شىمالدا سىبىرىيە يايلاقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۈيۈك ھۇن خاقانى باغاتۇر (باتۇر- چىنچە تەلەپپۇزقىلىنىشى مۇتا، مۇدۇ ياكى بۇدۇ) ئۆز تېرىتورىيىسىنى تۆت ئەتراپقا كېڭەيتكەندە، غەربىدىكى ئىسكىت دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، ۋولگا غىچە بولغان پۈتۈن ئىسكىت مەملىكىتىنى ھۇن دۆلىتىگە قوشقان. غەرب ئالىملىرى بۇ ھادىسىنى بىر ئىسكىت دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى ئەمەس، بەلكى، يېڭى بىر ئىسكىت ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىپ، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىسكىت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ غايەت كەڭ بىر زېمىنگە يەرلەشكەن ـ سامارات، باكتىر، سوغد، ساقا ۋە سىرىك قاتارلىق قوۋملارنىڭ ئورتاق ئېتنوگرافىيىلىك ئىسمى بولغانلىقىنى، ھەمدە پتولېمايۇس جۇغراپىيەسىدە سىرىكلەر يۇرتى دەپ كۆرسەتكەن «ئىسكىتياسىرىكا» ئاھالىسىدىن بولغان ھۇنلارنىڭ ئىسكىتلار توپلىمىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە.

چىن مەنبەلىرىدا، شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مەلۇماتلار مىلاددىن ئىلگىرىكى138- 115 - يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلغان جاڭ چيەننىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى بىلەن باشلايدۇ. ئۇندىن بۇرۇنقى پۈتۈن چىن مەنبەلىك مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى، تەخمىنىي ۋە ئەسلىسىز خۇراپىي سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ ئېتىبارقىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. دېمەك، چىن مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلار ھۇن خاقانلىقىنىڭ تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنىڭ 91 - يىلىدىن باشلايدۇ. يەنە، بۇمەلۇماتلارغا قارىغاندا ھۇنلار دەۋرىدە، ھۇن دۆلىتىگە تەۋە 30 دىن ئۇشۇق يەرلىك بەگلىك - خانلىقلار بارئىدى.(بۇلارنى «ھۇن دۆلىتى » دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز). بۇلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، تۈركىستاندا مىلادىدىن بۇرۇن بىر قانچە ئەسىردىن باشلاپ بىرفېئوداللىق (يەرلىك خان) سىستېمى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇخىل ئىدارىي سىستېمى بىلەن بۆلۈنگەن تارقاق ھالدىكى دۆلەتلەر داۋاملىق بىر - بىرلىرى بىلەن بوغۇشۇپ بىرلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتتىن مەھرۇم قالماقتا ئىدى. قىسقىسى، 120 يىللىق بىر دەۋرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى مانا، بۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

تۈركىي ئىرقىغا مەنسۇپ ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەر، ئۆز تەۋەلىكىدىكى يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى ئۆز چېگرالىرى ئىچىدە (ئىچكى جەھەتتە) مۇستەقىل دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەركەزدىكى خاقانغا ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج - سېلىق تۆلەش، كېرەك بولغاندا ئەسكەر چىقىرىپ، خاقان بىلەن بىرسەپتە ئۇرۇشقا كىرىش ۋە خاقان ئوردىسىدا بىردىن ۋەكىل تۇرغۇزۇش مەجبۇرىيىتى بارئىدى. ئىچكى ئىشلىرىدا تامامەن مۇستەقىل ئىدى. ھەتتا قوشنا خانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى سۈلھى قىلىشتا ئەركىن ئىدى. ئىتائەت قىلىشىدا گۇمانلانلىق بولغان ياكى ئىسيانى باستۇرۇلغان يەرلىك

خانلارنىڭ بالىلىرى ۋە ياكى ئىنىلىرى خاقان ئوردىسىدا گۆرۈدە تۇتۇلاتتى.

دېمەك، بۈيۈك تۈرك خاقانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى بىر ئومۇمىي يۈكسەك ئىدارە ئاستىدا بىرلەشتۈرگەن، كونفېدراتسىئون (بىرلەشمە) دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ بېشىدىكى خاقان سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە قابىلىيەتلىك، داۋاملىق دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت ۋە راھەتكە بېرىلمەيدىغان ئالىجاناب كىشىلەر دىن بولۇپ، دۆلەتنىڭ بەل ئومۇرتقىسى ئورنىدا ئىدى.

ھەرقانداق بىردۆلەت يېڭى قۇرۇلغىنىدا، مۇنداق پەزىلەتلىك، كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك رەھبەرلەر يېتىشىدۇ. بۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەت قۇدرەت ۋە روناق تاپىدۇ. لېكىن، ئىبنى خالدۇننىڭ ئېيتقىنىدەك، زامان ئۆتكەنسىرى دۆلەت قېرىغىلى باشلايدۇ. دۆلەت تەختىگە لاياقەتسىز، ئىش بىلمەيدىغان راھەتپەرەست ۋە بېپەرۋا شاھزادىلار چىقىدۇ. يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزئارا تەخت تالىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرخىل قوراللىق گۇرۇھلار مەيدانغا چىقىپ خانلىقنىڭ مەركىزى كۈچى ئاجىزلىشىدۇ.

بۇخىل ئەھۋاللار تۈرك خانلىقلاردا ناھايىتى كۆپ يۈزبەرگەن. خاقانلاردىن كېيىن تەختكە لاياقەتسىز ۋە راھەتپەرەست شاھزادىلارچىقىدۇ. بۇ لارنىڭ ئەتراپىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، داۋاملىق تەخت تالىشىش ئۇرۇشى چىقىرىپ دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان يەرلىك خان ۋە بەگلەر ئىتائەتتىن چىقىپ، مۇستەقىل بولۇۋالىدۇ. بارا - بارا خاقانلىق كىچىك بىرخانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن تۈركىستاندا بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەت بارلىققا كەلگەن. بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزلۈكسىز سوقۇش جەريانىدا كۈچلۈكلەرنىڭ غالىبىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بىر زامانلار 8 - 10 دۆلەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە بەزى چاغلاردا بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىپ، 30 دىن كۆپ ئۇششاق دۆلەتلەرگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخچى دوگېننى، مىلاددىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا تۆۋەندىكى خانلىقلارنىڭ بارلىقىنى يازىدۇ.

(1) قۇمۇل خانلىقى ـ بۈگۈنكى قۇمۇل ۋىلايىتى. تەۋەسىدە جەمئىي يەتتە شەھەر بارئىدى.

(2) لاۋلان (روران) خانلىقى ـ بۈگۈنكى لوپ كۆلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ يەتتە شەھىرى بارئىدى.

(3) ئۇدۇن خانلىقى - بۈگۈنكى خوتەن. تەۋەلىكىدە ئون شەھەر، شەرقتە ۋە تاغدا بەش بەگلىكى بار ئىدى.

(4) ياركەند خانلىقى ـ بۈگۈنكى يەركەن تەۋەسىدە، تاشقورغان بەگلىكى ۋە تاغدا باشقائىككى بەگلىك بارئىدى.

(5) كاشغەر خانلىقى - بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئەتراپىدىكى جايلار. تەۋەلىكىدە ئون چوڭ ۋە

ئون كىچىك شەھەر بارئىدى. پتولېمايۇس جۇغراپىيىسىدە، بۇ شەھەرنى «كاسىيا» دەپ پايتەختى ئوردۇكەند (ئوردا كەنت) دەپ يازغان.

(6) كۇچار(كۇچا) خانلىقى ــ ئالتى شەھەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خانلىقلىرىدىن بولۇپ، تەۋەلىكىدە، قۇما (بۈگۈنكى باي ۋە ئەتراپى) ۋە ئۈرۈكسۇ(چىنلىقلار بۇنى بوزۇپ، ۋېنسۇ دەپ، تەلەپپۇز قىلىدۇ) بۈگۈنكى ئاقسۇ ۋە ئەتراپىدىكى جايلار.

(7) يۈنجۈ خانلىقى ــ تۈركىستاندا ئەڭ كۆپ ئىسمى ئۆزگەرگەن يەردىكى خانلىق. قەدىمكى ئىسمى يۈنچۈ بولۇپ، كېيىنچە كىنگىت، سالاق، چالىش ۋە ئەڭ ئاخىردا قارا شەھەر بولغان. پايتەختى يۇلدۇز كۆلى(باغراش كۆلى) نىڭ ئەتراپىدىكى كىنگىت شەھىرى ئىدى. تەۋەلىكىدىكىبەگلىكلەر سېڭگىر خانلىقى(قۇرۇق تاغدا)، ئۈيسۇ بەگلىكى (بۈگۈنكى ئۈششاقتال ۋە ئەتراپى)، بۇگۇر، ئۇلا(كورلا)، چۇلۇي (كورلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدا) ۋە چەرچەن.

(8) قۇچۇخانلىقى ــ ئۈچ ناھىيىسى ۋە بۈگۈنكى تۇرپاندا قۇرۇلغان. تەۋەلىكىدىكى شەھەرلەر، قۇچۇ (بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى خارابىلىق، لاچىن (چىنلىقلار بۇنى لياۋچېڭ دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىزەكلىك بولسا كېرەك) ۋە بۈگۈنكى قارا قۇچۇ قاتارلىقلار. تەۋەلىكىدىكى بەگلىكلەر، قۇتۇ(بۈگۈنكى توقسۇن بولسا كېرەك. بەزى چىن تارىخچىلىرى ھازىرقى لۈكچۈننى قۇتۇ دەپ يازىدۇ) ۋە قولۇي (چىنلار بۇنى «شىدۋوي خانلىقى» دەپ، ئاتايدۇ.

(9) بەشبالىق خانلىقى ــ بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپى. چوڭ بىرخانلىق بولۇپ، جەنۇبىدا قوچۇ خانلىقى، شىمالدا ھۇن دۆلىتى، غەربىدە ئۇسۇن (ئۈيسۈن) خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە، چەمى(بۈگۈنكى قۇتۇبى)، چوڭبالىق(بۈگۈنكى گۇچېڭ ۋە ئەتراپى)، ئوپۇڭكۆل (ماناس ۋە ئەتراپى)، چۇ (ئۈرۈمچى ۋە پۇكاڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار) ۋە بەيلو(پۇكاڭ، يۈلىش، جىمسار ۋە ئەتراپى)

(10) ئۇسۇن خانلىقى ــ شەرقتە ئىرتىش دەرياسى، غەربدە تاشكەنت خانلىقى، جەنۇبدا تەڭرىتاغلىرى، شىمالدا سىبىرىيەگىچە سوزۇلغان كەڭ بىر يەرگە جايلاشقان چوڭ بىرخانلىق. چىن مەنبەلىرىدە «ئۇسۇن» ۋە ياكى «ئۈيسۈن» دەپ يازىدۇ. يۇنان مەنبەلىرىدە «ماساجىت ۋە ياكى ماساگىت» دېگەنلەر، مۇشۇلار بولسا كېرەك. بىتلامىيۇس بۇلارنى «ئابى ۋە ئاپيۇكازى ئىسكىتلىرى» دەپ ئاتايدۇ. پايتەختى چەقۇ شەھىرى بولۇپ، ئىلى دەرياسى بويىدا ئىدى.

(11) ھۆن خانلىقى ـ شەرقتە مانجۇرىيە، غەربدە ئىرتىش دەرياسى، قۇمۇل ۋە بەشبالىق خانلىقلىرىغا چېگرىداش ئىدى.

دېمەك، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئازراق بىر قىسمىلا ھۇن خاقانلىقىغا تەۋە ئىدى.

ئۈچىنچى بۆلۈم

# شەرقىي تۈركىستانىڭ ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلىشىدىن تارتىپ ئىسلامغىچە بولغان دەۋرى

شەرقىي تۈركىستان فېئوداللىق دەۋرىدەتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، موغۇلىستاندا قەدىمدىن تارتىپ ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۇنلار كۈچلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 300 - يىللاردىن تارتىپ ئەتراپىدىكى تۈرك خانلىقلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىغىپ، تەسىردائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان.[18]

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - 180 - يىللىرى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ۋە ئاسىيادىكى باشقا تۈرك قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھۇن ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ، غايەت چوڭ بىرتۈرك كونفېدراتسىيون (بىرلەشمە) دۆلىتى مەيدانغا كەلگەندى. ئەڭ قەدىمكى تارىخىمىزدا ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى تۈرك تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھەرخىل يالغان بۇھتانغا ئۇچراپ كەلگەن بۇ، ئىبىسل تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەزكۇر بۇھتانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لازىم كۆرىمەن.

1 - پەسىل

## بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقى

چىنىنىڭ شىمالىدىن موغۇلىستان (موڭغۇلىيە) نىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويلىرى ۋە تاڭنۇئۇلا(چوغاي) تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ياشىغان تۈركلەرنى چىن مەنبەلىرىدە «ھيۇڭنۇ» (شوڭنۇ) ياۋروپا مەنبەلىرىدە« ھۇن» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، بۇ تۈركلەر ئۆزلىرىنى قايسى نام بىلەن ئاتىغانلىقلىرى تارىختا مەلۇم ئەمەس. بىز ئۇلارنى «ھۇن» دېگەن نام بىلەن زىكىر قىلىمىز.

ھۇن دۆلىتىنىڭ تارىخى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلايدۇ. بۇ مەجھۇل دەۋرنىڭ ئەھۋالى بىزگە قاراڭغۇ. چىنىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە ھۇنلارغا ئائىت تارىخىي مەلۇمات (گەرچە بۇلارنىڭ تولىسى ئىشەنچسىز، بۇرمىلانغان بولسىمو) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 300 - يىلدىن باشلايدۇ. بۇ تارىختىن باشلاپ، چىن ھۆكۈمدارلىرى، ھۇنلار بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش

[18] موڭغۇل - چاغاتايچە، پارسچە ۋە ئەرەپچىدە«موغۇل»، موڭغۇلىيە- «موغۇلىستان» دېيىلىدۇ. ئە. يتۇر 750x - بەت.(ن. ش. ھ.).

باشلىغان. چىن خوكۇمدارلىرى خۇنلارنىڭ خۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، ھەرىيەردە ئىستىھكام ۋە قەلئە(سېپىل) لەرنى سالغىلى باشلىغان. ئاخىرى، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 249 - يىلى پۈتۈن چىننى ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرگۈزۈپ بولغان ئىمپېراتور شى خۇاڭدى بۇ سېپىللەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ پېچلى دېڭىزىدىن گەنسۇ غىچە 3000 كىلومېتىر يەنى، تەخمىنەن 600 پوتەي ئۇزۇنلۇغىدا بىر ئىستېھكام ياساپ چىقتى. مانا بۇ تارىختىكى داڭلىق «سەددى چىن» سېپىلى بولۇپ بۈگۈن دۇنيادىكى ئاجايىپ ئاسارە ئەتىقەلەردىن بىرىدۇر. (بۇسېپىل ھەققىدە «قەدىمكى زاماندا تۈركلەر ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسەتلەر توغرىسىدا» دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز)

خۇاڭدى بۇ سېپىلدىن ياخشى پايدىلاندى. خۇنلار خۇجۇم قىلىپ كەلگەندە چىنلىقلار بۇ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، خۇنلارنىڭ خۇجۇملىرىنى چېكىندۇرگەن. خۇاڭدى ئۆلگىچە خۇنلار سەددىچىندىن ئۆتەلمىدى. چۈنكى، خۇاڭدى زامانىسىدا چىننىڭ بىر مىليون ئەسكىرى بۇسېپىلدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان. خۇاڭدى، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 211 - يىلى ئۆلدى.

## خۇن دۆلىتىنىڭ كېڭەيگەنلىكى

خۇن خوكۇمدارى، «تەڭرىقۇت» يەنى، «تەڭرىنىڭ بەرىكىتى» دەپ ئاتىلاتتى. دەسلەپكى تەڭرىقۇتلارنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس. پەقەت، شى خۇاڭدى (يىن جىن) بىلەن زاماندىش بولغان تەڭرىقۇتنىڭ ئىسمى «تۇمان خان» (تۇمەنخان) ئىدى. تۇمان خان چىنلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى قويۇپ ئىچكىي جەھەتتەكى چىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريا بويىلىرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك بىر قانچە خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، خېلى كۈچلۈك بىرئەسكىريي قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. چىن ئىمپېراتورى خۇاڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئەۋلادلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى ۋە چىننىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسيانلار باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سەددىچىن سېپىلىدىكى ئەسكىريي كۈچ ئازالدى. تەڭرىقۇت تۇمانخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيدىن بۇرۇنقى209 - يىلى چىنگە خۇجۇم قىلدى. سەددىچىندىن ئۆتۈپ، شەنشى ۋە سەنشى قاتارلىق ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى. تۇمانخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن خۇنلارنىڭ بۇ يۈرۈشلىرى توختاپ قالدى.

تۇمانخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مىتەخان ( مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 274 - 209 يىللىرى) تەڭرىقۇت بولدى . تۈركلەر بۇ زاتنى «ئوغۇزخان» دېگەن مەشھۇر ئۇنۋانى بىلەن ئاتايدۇ[19]. ئوغۇزخان چىن بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، پۈتۈن تۈرك خان ۋە بەگلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇدرەتلىك بىر تۈرك بىرلەشمە دۆلىتى قۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئالدى بىلەن غەربىدىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. موغۇلىستان ۋە ئەتراپىتكى تۈرك خانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزئىختىيارى بىلەن، بەزىلىرى قورقۇپ،

[19] مىتە - چىن مەنبەلىرىدە «مۇدۇ» ۋە ئوغۇزخان «مۇدۇچەنيۇ» دەپ، ئىلىنىدۇ. ئە. بايتۇر، 153 - بەت (ن. ش. ھ.).

ئوغۇزخانغا بويسۇندى. مانجۇرىيەدىكى قەدىرخان (ھىنگان) تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق تۈرك خانلىقلىرى يەنى، سىيانپى، ۋۇخۇان، تۇپا ۋە جۇجان (گۇجان) لار بولسا، بوي ئەگمەي مۇستەقىل قالدى. (بۇلارنى موغۇل تارىخچىلىرى تاتار دەپ يازىدۇ). ئۇندىن باشقا ئىلىدىكى ۋۇسۇن (ئۇيسۇن) خانلىقى،گەنسۇ ۋە ياۋچى تۈركلىرىنىڭ خانلىرىمۇ ئوغۇزخانغا ئىتائەت قىلمىدى .

ئوغۇزخان مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى ئۇيسۇن خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇرۇشتا ئۇيسۇن خانى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلدى. ئورنىغا قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى خان قىلىپ تەيىن قىلدى. بۇ ھادىسىدىن قورقۇپ كەتكەن باشقا تۈرك خانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن (ئۇدۇن)، يەركەن، ئۈچ، كوچا ، لولان (روران) ۋە قۇچۇ قاتارلىق 36 خانلىق ئوغۇزخانغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. كېيىنچە غەربىدىكى پۈتۈن تۈرك خانلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئوغۇزخانغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەزەر دېڭىزى ۋە ئېتىل دەريا بويلىرىغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ قول ئاستىغا كىردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلىغا كەلگەندە بۈيۈك ھۇن دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسى، غەربدە ھازەر دېڭىزى ۋە ئېتىل دەرياسى، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە كېڭىيىپ كىچىك خانلاردىن باشقا 26 چوڭ كىچىك خانلىق ۋە بەگلىكلەر ئوغۇزخانغا تەۋە بولدى (3 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

## چىن ئۇرۇشى

ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى چىن ئىمپېراتورلىرىدىن، مەرتىۋە جەھەتتە ئۈستۈن تۇتاتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئىمپېراتورغا يازغان خەتلىرىدە بۇنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇخەتلەر مۇنداق باشلىناتتى: «**كۆك ۋە يەر تۇغۇپ، قوياش بىلەن ئاي تەختكە ئولتۇرغۇزغان، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى، تابغاچ خاندىن شۇنى ئارزۇقىلىدۇكى** ....»[20]

تۈرك خەلقلىرىمۇ ئۆزىنى چىنلىقلاردىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ئۇلارنى« تابغاچ» دەپ ئاتايتتى(«تەۋەمىزدىكى» دېگەن مەنىدە). چىڭسىخواڭ ئۆلگەندىن كېيىن، چىننىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسيان چىقتى. ئاخىردا ئىسيانچىلاردىن ئەسلى ئىسمى «لىيۇباڭ» ئۇنۋانى «گاۋجۇ» [21] دېگەن بىرسى ئىمپېراتور بولدى. بۇمەشھۇر «ھان» سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. («ھان» ياۋروپا تارىخچىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى. توغرىسى«خەن» بولۇشى كېرەك. خەن سۇلالىسى چىنلىقلارنىڭ ئەڭ پارلاق سەلتەنەتلىك دەۋرى ئىدى. شۇڭا ھازىرمۇ چىنلىقلار ئۆزلىرىنى «خەنزۇ رېن» يەنى، خەن نەسلىگە مەنسۇپ كىشى دەپ ئاتايدۇ.)

لىيۇباڭ، ھۇنلاردىن شەنشى ۋە سەنشى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى 199 ـ يىلى شەنشىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئىككى شەھەرنى قايتۇرۇپ ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت

[20] ئوغۇزخان نىڭ ئىمپېراتورخەن ۋېندىگە مىلاددىن يىل176 بۇرۇن يازغان خەت. ت. ئالماس، 116 ـ بەت(ن. ش. ھ.)

[21] چىن مەنبەلىرىدە، خەن گاۋزۇ دەپ ئېلىنغان «تارىخىي خاتىرىلەر»95، ـ بەت (ن . ش. ھ.).

ئوغۇزخان 30,000 كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ، شەنشىگە كەلدى. بىر مەيدان ئۇرۇشتىن كېيىن، خۋاڭدى لىيۇباڭ ئېغىر هالدا مەغلۇپ بولدى ۋە ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەنفۇ) شەھىرىگە يېقىن بىر تاغدىكى سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. لىيۇباڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قىرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تەڭرىقۇت بىلەن سۇلهى قىلىپ، ھەريىلى بەلگىلىك مىقداردا بىلج تاپشۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇقى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىغا تەۋە بولدى. كېيىنچە، ئوغۇزخان چىن ئىمپېراتورىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى. ئوغۇزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ تەڭرىقۇتلارنىڭ چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش رەسمى داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرئەسىرگە يېقىن بىرزامان ئىچىدە ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلدى .

## ياۋچى ئۇرۇشى

ئوغۇزخاننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شۇنچە ئاشقان بولسىمۇ ياۋچىلارخانى ئۇنىڭغا بويۇن ئەگمىدى. ئاخىرى ئوغۇزخان ئوغلى باغادىرخاننى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياۋچىلار ئۈستىگە يوللىدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، باغادىرخان مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ ئۆزى ئاران جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن، يەنە بىر قانچە ئۇرۇشلار بولدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 175 ـ يىلى بولغان ئۇرۇشتا ياۋچىلارخانى ئۆلدى. ئەسكەرلىرى قىرىلىپ كېتىپ، ياۋچىلار پاراكەندە بولۇپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. غەرب تەرەپكە قاچقانلار، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغا يەرلەشكەن بولسىمۇ شەرقتىن ھۇنلار، غەربىي شىمالدىن روران، قۇچۇ ۋە خوتەن خانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئىككى قولغا بۆلۈنۈپ، بىرى تىبەتكە كەتتى. بۇلار «كىچىك ياۋچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى تىبەت خەلقىنىڭ تېگى مانا بۇلاردىن بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. يەنە بىرقولى غەربىي شىمالغا مېڭىپ، ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىلىدىكى ئۇيسۇن خانى نانتۇمى(ناندۇبەك) قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇئەسكىرى ياۋچىلارغا قارىغاندا بەك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر مەغلۇپ بولدى. تارىخ كىتابلىرىغا كۆرە، ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليۇنغا يېقىن بولغان ياۋچىلارنىڭ ئىچىدە قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ سانى 5 ـ 6 يۈزمىڭ ئەتراپىدا ئىدى. مانا، بۇ سەۋەپتىن ئۇيسۇنلار مەغلۇپ بولۇپ، ناندۇبەك ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ھادىسىدىن كېيىن، ياۋچىلار ئىلىدا يەرلىشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئوغۇزخان كېلىپ، ياۋچىلارنى غەربكە ھەيدەپ چىقاردى. ياۋچىلار ئىسسىقكۆلنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئىنجە(سىر) دەريا بويىدا(ھازىرقى تاشكەنت ئەتراپىدا) يەرلەشتى. لېكىن، ياۋچىلار بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. ناندۇبەگنىڭ كۈيىنماۋ ئىسملىك بىر نارىسىدە ئوغلى تىرىك قالغانىدى. ئوغۇزخان ئۇنى تەربىيىلەپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۇيسۇن خانى قىلىپ

تەيىنلەيدۇ. كۈيىنماۋ مىلادىدىن بۇرۇنقى 165 ـ يىلى ئوغۇزخاننىڭ نەۋرەسى كيۈكخان تەگرىقۇتتىن ياردەم ئېلىپ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى سىر دەريا بويلىرىدىن قوغلىۋەتتى. ياۋچىلار قېچىپ ئامۇ دەريا بويىغا يەرلەشتى.

## ئوغۇز خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر

ئوغۇزخان تەگرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى باغدىرخان تەگرىقۇت بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى كيۈكخان (كۈنخان) تەگرىقۇت بولدى . بۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋەقەلەردە، ياۋچىلارنى ئىنجە دەريا بويلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقتىن باشقا بىر مۇھىم ۋەقە يوق. تەگرىقۇت كۈنخان مىلادىدىن بۇرۇنقى160 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەگرىقۇتلارنىڭ ئىسمى ۋە سانلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما، شۇ تەرىپى ئېنىقكى، چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك سەۋەپلەر بىلەن ھۇن تەگرىقۇتلىرىغا قىز بېرىپ، باج تۆلەپ، دوستلۇق بىلەن ئۆتۈش مەجبۇرىيىتى، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇتقى 130 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان.

ئۆگۈز(ئامۇ) دەريا بويىدىكى ياۋچى خانلىرى ۋە باكتىر(بەلخ، شىمالىي ئافغانىستان) دىن تارتىپ خەزەر(كاسپىي) دېڭىزىغىچە بولغان يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ساكا(ساقا) تۈرك خانلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇن تەگرىقۇتىغا ئىتائەت قىلغان. بۇ پايانسىز كەڭ تېرىتورىيە ئىچىدىكى تۈرك دۆلەتلىرىدە تىنچ ـ ئامانلىق ۋە باياشاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. سىيانپى، ۋۇخۇەن، جۇجان ۋە توپالاردىن ئىبارەت مانجۇرىيەدە ياشاۋاتقان تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ھۇن تەگرىقۇتىغا بويسۇنغان بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ چېگراسى ياپۇن دېڭىزىغىچە كېڭەيگەن. (3ـ خەرىتىگە قاراڭ)

## چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۇن خاقانلىقىغا قارشى يۈرگۈزگەن سىياسى خىيانەتلىرى ۋە ھۇن ـ چىن ئۇرۇشلىرى

چىن ئىمپېراتورلۇقى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 190 ـ يىلدىن تارتىپ، ھۇن تەگرىقۇتلىرىغا داۋاملىق باج تۆلەپ ئىتائەت قىلىپ، تۇرغان بولسىمۇ، ھەردائىم بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ تۇرماقتا ئىدى. بۈيۈك ھۇن ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالماي، بۇخورلۇقنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇرئىدى. ئاخىرى چىن ئىمپېراتورى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ تۆۋەندىكى يوللار دىن باشقا چارىسى يوقلىقىنى چۈشەندى.

(1) ھۇن ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، پارچىلاش ۋە

ئاجىزلاشتۇرۇش.

(2) تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكە ـ خېنىملار، شاھزادىلار ۋە ئۇلارنىڭ چىندىن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق تەگرىقۇت جەمەتى ئىچىدىكى تېكىن(شاھزادە) لەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ھۇن دۆلىتىنىڭ مەركەزچىلىك تۈزۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ھۇن ـ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش.

بىرىنچى خىيانەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىن ئىمپېراتورى ۋۇدى جاڭ چيەن ئىسىملىك بىر ئادىمىنى ساياھەتچى نىقابى بىلەن تۈرك يۇرتىغا يوللىدى. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە، تۈركىستاندىكى ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارلاردىن ئۇيسۇن ۋە ياۋچىلارخانلىرىنى ھۇن تەگرىقۇتىغا قارشى باش كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. جاڭ چيەن قارا قۇرۇم شەھىرى (ھۇنلارنىڭ پايتەختى) گە كەلگەندە تەگرىقۇت ئۇنىڭ سۇيىقەستچىلىك ئەپتىنى سىزىپ قېلىپ، ئۇنى قاماققا ئالدى. جاڭ چيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى139 ـ يىلىدىن 129 ـ يىلىغا قەدەر قاماقتا قالدى. كېيىنچە، ھۇن تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى مەلىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بولسا كېرەك، قاماقتىن چىقىپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلدى. پەرغانە ۋە سەمەرقەنت يولى بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 125- يىلى ئۆگۈز بويىدىكى ياۋچىلارنىڭ پايتەختىگە كەلدى. ئۇلارنى ھۇن تەگرىقۇتىغا قارشى ئىسيانغا تەشۋىق قىلىپ، چىن ئىمپېراتورىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلى يۇرتلىرى بولغان كۆكنۇر(گەنسۇ) غا قايتىپ كېتىشكە قۇتراتتى. لېكىن، ھوشيار ياۋچىلارجاڭ چيەنگە ئالدىنىپ، دۈشمەنگە قولچۇماق بولۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. ۋە ئۇنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

جاڭ چيەن مەخپىي ھالدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە قايتىپ كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 115- يىلى يەنە بىرقېتىم تۈركىستانغا كەلدى. بۇ قېتىم ئىلىغا بېرىپ، ئۇيسۇن خانى بىلەن كۆرۈشتى. قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، «سىز باشقا پۈتۈن تۈرك خانلىرىدىن قۇدرەتلىك تۇرسىڭىز، ھۇن تەگرىقۇتىغا بويسۇنۇش نومۇس ئەمەسمۇ» دەپ، ھۇن دۆلىتىگە قارشى ئىسيانغا دەۋەت قىلدى. ھۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقسا، چىن ئىمپېراتورىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن تەشۋىق ۋە ئىغۋالار نەتىجىسىدە ئۇيسۇن خانى تەگرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان تەگرىقۇت دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ ئۇيسۇن خانىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ئۇنى ئىتائەت قىلدۇردى.

جاڭ چيەنىنىڭ يۇقىرىقىدەك ھىيلە ـ مىكىرلىرى ھېچبىرنەتىجە بەرمەي چىنگە قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بۇسەپەرلىرىدە تۈرك يۇرتلىرىدا كەڭ مىقياستا چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ سىياسى، تەشكىلىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە نۇرغۇن ئاخبارات توپلاپ، چىن ئىمپېراتورىغا مەلۇم قىلدى ۋە ھۇن ئىتتىپاقىدىكى خانلار كۆرۈنۈشتە تەگرىقۇتقا تەۋە بولسىمۇئەمىلىيەتتە ئايرىم بىرەر كىچىك

مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى، بۇ خانلىقلاردا تەگرىقۇتنىڭ ئەسكىرى يوقلىقىنى، پەقەت ھەر قايسى خان ئوردىسىدا تەگرىقۇتنىڭ بىرقانچە كىشىدىن ئىبارەت ۋەكىللىرى بارلىقىنى، مانا بۇ ئەھۋاللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ كىچىك خانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ، پارچىلاش بىلەن ئۇلارنى چىن كونترولى ئاستىغا كىرگۈزۈشنىڭ ئوڭاي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور ۋۇدى تۈركىستانىنى ئىستىلاقىلىش كويىغا چۈشتى. لېكىن، كۆچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

چىن ئىمپېراتورىنىڭ جاڭ چيەن ئارقىلىق ئېلىپ بارغان بۇ بۇزغۇنچىلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى، خۇچۇبىڭ قوماندانلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى بىلەن بولغان گەنسۇ يېقىنلىرىدىكى بىر ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ،گەنسۇ چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇملىرى باشلاندى (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھۇن دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بابقا قاراڭ).

ھۇن ـ چىن سوقۇشى، ئىمپېراتور ۋۇدى ئۆلگىچە توختىماستىن داۋام قىلدى. بەزىدە چىنلىقلار غالىب بولسا، بەزىدە ھۇنلار غالىب بولغان. چىن تارىخلىرىدا ئۇ دەۋرگە ئائىت بايانلارنىڭ خۇلاسىسى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 74ـ يىلى، چىندە ئىمپېراتورغا قارشى ئىسيان باشلاندى. ئىسيانچىلار تەگرىقۇتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە تەگرىقۇتنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قازاندى. خەن ۋۇدى ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقى غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. نەتىجىدە، چىن ئىمپېراتورلۇقى ئاجىزلىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى بۇرۇن چىنلىقلار بېسىۋالغان خانلىقلار ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدىن چىنلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قايتىدىن ھۇن ئىتتىپاقىغا قېتىلدى. بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

## ھۇن دۆلىتىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار

ئوغۇزخان زامانىسىدا قېچىپ مانجۇرىيەنىڭ شىمالىدا يەرلەشكەن ۋۇخۇەن ۋە سيانپىلارنى چىن ئىمپېراتورى داۋاملىق يوشۇرۇن ھالدا ھۇن تەگرىقۇتىغا قارشى كۈشكۈرتۈپ تۇراتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىلى سيانپى ۋە ۋۇخۇەنلار بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. بىرقېتىملىق ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ سيانپىلار ھۇن پايتەختى قاراقۇرۇمنى بېسىۋالدى ۋە بۇشەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھەتتا، ئوغۇزخان قاتارلىق ھۇن تەگرىقۇتلارنىڭ مازارلىرىنىمۇ چېقىپ تاشلىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 54 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەگرىقۇت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈنلەي يوقاتتى. قالغانلىرى ئۆز يۇرتىغا قاچتى. كېيىن، تەگرىقۇت پۈتۈن مانجۇرىيەنى قول ئاستىغا ئېلىپ، دۆلەت

تېررىتورىيىسىنى ياپۇن دېڭىزىغا قەدەر كېڭەيتتى (3 خەرىتىگە قاراڭ).
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ھۇن تېكىن لىرىدىن چىچى خان ۋە خۇجانسى(قوغشارخان) خانلار ئۆزئارا تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى . بۇ تەخت تالىشىش ئۇرۇشى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلدى. ئاخىرى خۇجانسى خان چىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە چىن ياردىمى بىلەن چىچى خاننى مەغلۇپ قىلدى. چىچى خان يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ، غەرب تەرەپكە قاچتى. ئىلىدىكى ئۇيسۇن خاننى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قۇدرەتلىك بىردۆلەت قۇردى. كېيىنچە، سۇغد(بۇخارا ۋە سەمەرقەنت) خانلىرىنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، پايتەختنى سۇغدغا يۆتكىدى. سوغد يېقىنلىرىدا يېڭىدىن چوڭ بىرشەھەر بىنا قىلىپ يەرلەشتى. تەڭرىقۇت خۇجانسى خان بىر تەرەپتىن چىچى خان ۋە يەنە بىرتەرەپتىن سىيانپى، ۋۇخۇەن لارنىڭ دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قالدى. ئۇزۇندىن بېرى مۇنداق بىر پۇرسەتتنى ماراپ ياتقان چىن ئىمپېراتورى، چاڭ كى(جىڭجى) ئىسىملىك قۇماندان باشچىلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى، (بۇلارنى « شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى » دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز). چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، سوغد دىكى چىچىخانغا ئەلچى يوللاپ، ئۇنى چىنگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا چىچى خان چىن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان جىڭجى سۇغدغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپ ئاخىرى چىچى خان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلدى. جىڭجى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئىمپېراتورغا يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇغد( ھازىرقىي غەربىي تۈركىستان) چىنگە تەۋە بولۇپ باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، چىن ئىمپېراتورى، تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپتىن تازا پايدىلىنىپ تۈركىستاننى بېسىۋالدى.

## ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ چىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى

ھۇن ۋە چىن دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۇرۇشلار توختىماستىن داۋام قىلماقتا ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 25 - يىلىغا كەلگەندە ھۇنلارچىنلىقلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى چىننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي كۈچىنى ئۆزۈل كېسىل يوقاتتى ۋە بۇ جايلاردىكى تۈركلەرنى چىن ئاسارىتىدىن قۇتقازدى. تۈرك خانلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇن تەڭرىقۇتى ئەتراپىدا بىرلەشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 - يىلى گەنسۇنىمۇ چىنلىقلاردىن قايتۇرۇۋالدى.

## ھۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

بۈيۈك ھۇن دۆلىتى شاھزادىلىرىدىن خۇجانىسى(قوغشار) خانىنىڭ بىرئوغلى، مىلادى 48 - يىلى قۇملۇق چۆلىنىڭ جەنۇبىدا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ھازىرقى ئىچكى موغۇلىستاننى كېيىنچە شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىمۇ ئىگىلىدى. بۇ تارىختىن باشلاپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ ھۇن دۆلىتى «جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى»، بۇرۇنقىسى (قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى) ھۇن دۆلىتى «شىمالى ھۇن دۆلىتى» دەپ ئاتالدى، (3 - خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ چوڭ بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبىنى چىن تارىخچىلىرى شۇچاغدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بىتەرەپ تارىخچىلار، بۇ بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى، چىن ئىمپېراتورىنىڭ تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ چىندىن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتچى خادىملىرى ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزگەن سۇيىقەستلىك پىلانلارنىڭ نەتىجىسى ئىدى، دەپ باھا بېرىدۇ. لېكىن، چىن ئىمپېراتورى بۇنىڭدىن دەرھال پايدىلىنالمىدى. چۈنكى، ئۇچاغلاردا ھۇنلار قىسقىغىنە بىرمۇددەت ئىچىدە كۈچلىنىپ، تۈركىستاندىكى باشقا پۈتۈن خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغانىدى. چىن تارىخچىلىرى، «مۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا چىن ئىمپېراتورى، ھۇن تەگرىقۇتىغا بويۇن ئېگىپ، مادارا قىلىپ تۇرۇش سىياستى قوللىنىشقا مەجبۇر ئىدى» دەپ يازىدۇ. جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى چىن بىلەن ئىتتىپاقداش بولسىمۇ چىن نۇپۇزىغا پىسەن قىلمايتتى. چىن تارىخچىلىرىنىڭ «جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى، چىن دۆلىتىگە ئەل بولغانىدى» دېگەنلىكلىرى بۇ ۋەقەدىن 55 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ھادىسىدۇر. بۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتلىقىنىڭ يىقىلىشى

شىمالىي ھۇن دۆلىتىگە دۈشمەن بولغان جەنۇبىي ھۇن تەگرىقۇتى سىيانپى ۋە ۋۇخۇەن خانلىرى شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپ، كۈچلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. چىن ئىمپېراتورى كۆرۈنۈشتە چەتتە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ھەردائىم پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئاخىرى مىلادى 70 - يىلى چىن ئىمپېراتورى خەن مىڭدى(مىندى) جەنۇبىي ھۇن تەگرىقۇتى، سىيانپى ۋە ۋۇخۇەنلار بىلەن بىر ئىتتىپاق تەشكىل قىلىپ، شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلدى. 23 يىل داۋام قىلغان بۇ شىددەتلىك ئۇرۇشلاردا شىمالىي تەگرىقۇتى بۇ بىرلەشمە دۈشمەن كۈچلىرىنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ئاخىرى بۇ ئۈچ بىرلەشمە كۈچ «چۇخەيەن» ئىسىملىك چىن قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىگىدە، مىلادى 93 - يىلى شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتلىقىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، پايتەختى قاراقۇرۇم شەھىرىنى بېسىۋالدى ۋە شەھەر نى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى. تەگرىقۇت ئۆز ئادەملىرىنى

ئېلىپ غەربىي موغۇلىستانغا چېكىندى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن تانتۇئولاتاغ ئېتەكلىرىدە قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇمەغلۇپ بولدى ۋە ھېچ يەردە تۇرالماستىن ئاخىرى ئورال تاغلىرى ۋە خەزەر دېڭىزى ئارىسىدىكى جايغا يەرلەشتى.كېيىنچە، بۇلار ياۋروپانىڭ 3/4 قىسمىنى ئىگىلەپ، غايەت چوڭ بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. تارىختا «غەربىي ھۇنلار» دەپ ئاتالغانلار مانا، شۇ مۇھاجىرلاردىن ئىبارەت. (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن «ئومۇمىي تارىخ » قا قاراڭ)

## جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئاقىۋىتى

شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى يىقىلىپ، غەربكە كەتمىگەنلەردىن بەزىلىرى ئۆز جايىدا قالدى ۋە سيانپىلارغا قېتىلىپ كەتتى. بىرقىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ جەنۇبىي ھۇنلارغا قېتىلدى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى يىقىلغاندىن كېيىن، چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى، چىن ھىمايىسىغا كىرىپ، خىراج تۆلەپ بويسۇنۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەت 230 يىل داۋام قىلدى. كېيىنچە كۈچلىنىپ، مىلادى 304 ـ 308 ـ يىلى چىنگە ھۇجۇم قىلدى. چىن ئىمپېراتورىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئەسىرئالدى. ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلىپ، لىنفەن (ھازىرقى پېكىياڭ) نى پايتەخت قىلدى. بۇ دۆلەت چىن تارىخىدا«لياۋ» خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنچە توپىلاركېلىپ بۇ دۆلەتنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا قىتئەسىدە ھەرخىل نام ۋە شەكىللەر بىلەن 2000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك ھۇن تەڭرىقۇت دۆلىتى يىقىلدى.

## ھۇن دۆلىتىنىڭ ماھىيىتى

بۇ بۈيۈك تۈرك دۆلىتى، بىرقانچە ئايرىم تۈرك خانلىق ۋە بەگلىكلەرنىڭ بىر چوڭ دۆلەت باشلىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئىتتىپاق، يەنى، كونفېدراتسىئون (قەدىمكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا ئوخشاش) بىرلەشمە دۆلەت شەكلىدىكى بىر ئىمپېراتورلۇق دۆلىتى ئىدى. مۇھىم ۋە چوڭ ئىشلاردا، بولۇپمۇ چەت دۆلەت بىلەن ئۇرۇشقا كىرىش مەسلىسىدە دۆلەت باشلىقىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىش شەرت ئىدى. باشقا كىچىك ئىشلاردە، مەسىلەن، خانلىق ۋە بەگلىكنىڭ ئىچكىي ئىشلىرىدا ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدى. ھەتتا قوشنا خانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە ياكى يارىشىشتا پۈتۈنلەي ئەركىن ئىدى. بۇخانلىق ۋە بەگلىكلەردە تەڭرىقۇت ئەسكەر تۇرغۇزمايتتى. ھەرقايىسى خانلىقلاردا تەڭرىقۇتىنىڭ بىر ۋەكىلى، ئۇنىڭ كاتىبى ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىپ تاپقان دائىمىي ھەيئىتى تۇراتتى. تەڭرىقۇت
چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇشقا كىرىشكەندە ئىتتىپاق ئىچىدىكى خانلىقلاركۈچىگە قاراپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تەڭرىقۇت بىلەن ئۇرۇشقا كىرەتتى. بۇلار دىن باشقا يەنە خانلىقلارنىڭ ھەريىلى تەڭرىقۇت خەزىنىسىگە مەلۇم مىقداردا تارتىق (ماددىي ياردەم) تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بارئىدى.

چىن، ئىران ۋە بەزى ياۋرۇپا تارىخلىرىدا ھۇنلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەھشى بىر قوۋم دەپ كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تۆھمەتتۇر. بۇ، قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن دۈشمەننىڭ، قەلەم بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۇنلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، شانلىق تارىخىنى ۋە يۈكسەك مەدەنىيىتىنى بىرئاز بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇش بىر تارىخچىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ ھېساپلايمەن. لېكىن، بۇھەقتە، يەنە، چىن مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇرمىز. بۇ مەنبەلەردە ھۇنلار ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنى كۈچىنىڭ بېرىچە يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتى، ئىنسانى ـ ئەخلاق پەزىلەتلىرى ۋە دۆلەت تەشكىلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

قەدىمكى چىن تارىخلىرىدىكى، ھۇنلارغا ئائىت مەلۇماتلارغا كۆرە، ھۇنلار ناھايىتى چوڭ ۋە مۇنتىزىم بىردۆلەت تەشكىلىنى قۇرۇپ چىققان. يۇرتتا تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە ئامانلىق تۇرغۇزۇلغانىدى. ئەدلىيە ۋە قانۇن تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولۇپ، ئەدلىيە مەھكىمىسى، سوت ۋە تۇرمە قاتارلىق تەشكىلى ئورگانلار قۇرۇلغان. دۆلەت تەشكىلاتى، مەركەز ۋە يەرلىك، دەپ ئايرىلغان. دۆلەت ئىچىدە ھەرخىل ئىجتىمائىي خەلق تەشكىلاتلىرى بولۇپ، خەلقنىڭ پىكرى بىلەن «تۈزۈت» يەنى قانۇن تۈزۈپ چىقىش ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ھەربىي جەھەتتە بولسا، ھۇن دۆلىتىدە مۇنتىزىم 30,000 كىشىلىكتىن كۆپرەك قوشۇن ھەردائىم ھازىر ئىدى. پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ھەربىي ئىنتىزام ۋە تۈزۈمگە رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. يەنى، ھەر بىر تۈرك بىر ئەسكەر ئىدى. ئىگىلىك جەھەتتە ھەربىر كىشى، مەلۇم مىقداردىن تېرىلغۇ يەر ۋە ياكى يايلاق (ئوتلاق) قا ئىگە ئىدى. كانچىلىق، سانائەت ۋە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى پۈتۈن يۇرتتا تازا تەرەققى قىلغان. چىنلار ھۇن مەدەنىيىتىدىن كۆپ پايدىلانغان [22]. ھۇن دۆلىتى، ھەربىي تەشكىلاتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرا«قول» لارغا ئايرىلغان. ئوتتۇرا قولنىڭ ھەربىي ئىشلىرى بىۋاستە تەڭرىقۇتقا قارايتتى. سول قول، يەنى شەرق تەرەپ «بارانغار» دەپ ئاتىلىپ، ۋەلىئەھدگە ۋە ئوڭ قول يەنى غەرب تەرەپ «جۇنغار» دەپ ئاتىلىپ بۇ تەرەپنىڭ ھەربىي ئىشلىرى تەڭرىقۇت ئائىلىسىدىن بىر تېكىن(شاھزادە)گە قاراشلىق ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇرتنىڭ شەرقى يەنى، كۈن چىقىش تەرىپى مۇقەددەس ھېساپلىناتتى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى دائىم چىن ئىمپېراتورىدىن ئۈستۈن تۇتاتتى.

[22] بەزى تارىخچىلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلار كەشپ قىلغان 12 ھايۋانلىق كالىندارنىڭ چىنچىگە تەرجىمە قىلىنىپ پايدىلىنىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستاندا قوللىنىۋاتقان، ساچقان بىلەن باشلىنىپ ئۈي بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، 12 ئاينىڭ نامى بىلەن تۈزۈلگەن كالىندارمانا، چىنلىقلارنىڭ قەدىمكى تەقۋىم دېگەنلىرىنىڭ دەل ئۆزى(مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

مانا يوقىرىدىكىلەر، بىزگە دۈشمەن تەرەپنىڭ تارىخچىلىرى يەنى، چىن تارىخچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلانغان پاكىتلار بولۇپ، بۇلار شۇ زاماننىڭ ئەڭ يۈكسەك دەپ سانالغان مەدەنىيەتىدۇر. بىر ئاز تارىخ ئوقۇغان كىشىگە مەلۇم بىر ھەقىقەتتۇر.

## ھۇنلاردا دىنىي ئېتىقادى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى دىنى «تويىن دىنى» ئىدى. كېيىنچە، ئۇلاردا «كۆپ تەڭرىچىلىك» ئېتىقادى راۋاجلاندى. بو دىننىڭ ئېتىقادىغا كۆرە، دۇنيانى بىرلا تەڭرى ئىدارە قىلمايدۇ. ھەربىر ئىش ئۈچۈن ئايرىم تەڭرىلەر مۇئەككەل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزئالدىغا بىر تەڭرىدۇر. مەسىلەن، قوياش، ئاي ۋە ئاسمان دۇنيانى يارىتىدىغان ۋە يوقىتىدىغان تەڭرىلەردەپ، ئېتىقاد قىلىنىدۇ. بۇ تەڭرىلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىش مۇراسىملىرى بارئىدى. يەرنى ئىنساننىڭ جىسمانى قوغدىغۇچىسى دەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ باشقا قۇربانلىق قىلىناتتى. تەڭرىلەر ئۈچۈن ئايرىم يەرلەردە(كۆپرەك ئات) قۇربانلىق قىلىناتتى.

2 - پەسىل

## ھــــۇن دۆلــىتى دەۋرىـــدە
## شەرقىي تۈركىستان

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىللىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى 36 خانلىق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەپلەر بىلەن ھۇن ئىتتىپاقىغا قېتىلغانىدى. بۇتارىختىن تارتىپ 100 يىلغا يېقىن بىر مەزگىل، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى پۈتۈنلەي تىنچ بىر دەۋر دە ياشىدى. بۇ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا تېرىلغۇ- زىرائەت، مال - چارۋىچىلىق، سودا تىجارەت ۋە سانائەت راسا ئىلگىرلەپ، مەدەنىيەتمۇ ناھايىتى تىز تەرەققى قىلغانىدى. خانلىقلاردا تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكىرىي يوقتى. ھەرقايىسى خان ئۇردىسىدا، داۋاملىق تەڭرىقۇتنىڭ بىر دىن ۋەكىلى باشلىق بىر قانچەكىشىلىك ھەيئەت تۇراتتى. خانلارنىڭ ھەرىيلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەش ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەسكەرچىقىرىپ، تەڭرىقۇت بىلەن جەڭگە قاتنىشىش مەجبۇرىيىتى بارئىدى. دېمەك، ئومۇمىي جەھەتتە خانلار تەڭرىقۇتقا بويسۇنۇپ ئىچكى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدىلەر. خان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ياكى خانداندىن بىركىشى ياكى خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ۋە تەڭرىقۇت تەرەپىدىن تەستىقلانغان بىرى خان بولاتتى. بۇ دەۋر مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 - يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە، خانلىقلار بىلەن چىن ۋە باشقا يات دۆلەتلەربىلەن ھېچقانداق دوستلۇق مۇناسىۋەت ياكى ئاداۋەت يوقتى.

## چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى ۋە مەغلۇپ بولۇشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى گەنسۇ ئۇرۇشىدا ھۇنلارمەغلۇپ بولۇپ،گەنسۇ(كەڭسۇ) چىننىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور ۋۇدى غالىجىرلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىق قولىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئۇزاتقىلى باشلىدى. گەنسۇغا چېگراداش بولغان لولان (روران) ۋە قوچۇ خانلىرى چىننىڭ تاجاۋۇزىغا قاتتىق، تۇرۇپ قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى چىن ئىمپېراتورى، چاۋپونۇ نىڭ قوماندانلىقىدا غايەت زور بىر قوشۇن بىلەن لولان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، لولان خانى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. ئارقىدىن قوچۇخانىمۇمەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى كۈچلۈك خانلىقى چىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلى، ئىمپېراتور ۋۇدى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ خانلىق بولغان ئۇيسۇن خانلىقىغا جاڭ چيەن نى ئەلچى قىلىپ يوللىدى. جاڭ چيەن ئۇسۇن خانى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزدى. ئىمپېراتور قىزىنى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالتى شەھەر ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى خانلىقلار چىن ھاكىمىيتىنى تونۇشقا مەجبۇر بولدى.

چىن ئىمپېراتورى، غەربىي تۈركىستاننىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، پەرغانە خانى ئالدىغا ئەلچى يوللىدى. پەرغانەخانى بۇنىڭغا چىن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. ئىمپېراتور مىلادىدىن بۇرۇنقى 104ـ يىلى نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ، پەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. پەرغانە خانى چىننىڭ بۇ ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپ چىن ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. بۇئېغىرمەغلۇبىيەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى102 ـ يىلى، ۋۇدى پەرغانىغا 60,000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە پەرغانە خانى ئۆلدى ۋە پەرغانە چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.چىنلىقلار بىر پەرغانىلىقنى خان قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستانمۇ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. ئەمما، بۇ ئىستىلا ئۇزۇنغا بارمىدى. بۇلارنى يەنە چىن مەنبەلىرىدە كۆرىمىز. چىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەلەرنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئىمپېراتورنىڭ ھاكىمىيتى بۇ جايلاردا( غەربىي تۈركىستاننى دېمەكچى) ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، خانلار پۇرسەت تاپسىلا چىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىنلىقلارنى ھەيدەپ چىقىراتتى. ئارقىسىدىن چىن ئەسكەرلىرى كېلىپ قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، بىرقانچە شەھەرنى قايتۇرۇپ ئالسىمۇ، ھۇنلار كېلىپ، يەنە چىنلىقلارنى چىقارسا، چىنلىقلار يەنە كېلىپ ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىراتتى.» شۇنداق قىلىپ تۈركىستان تۇپراقلىرى، تۈركىستان ۋە چىن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان ئۇرۇشلار 22 يىل داۋام قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىندە ئىمپېراتور غا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلدى ۋە

ۋۇدى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن خانلىقلار ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتلىرىدىن چىن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلار ھۇنلاربىلەن بىرلىشىپ، 37 يىل بىر مۇددەت ئىچىدە تىنىچ ئامان ياشىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا بىرىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 59 ـ10 ـ يىللىرى)

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى، ھۇن شاھزادىلىرىدىن چىچى خان ۋە قۇغشار(خۇجانسى) خان ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە سىياپىلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى ھۇجۇملىرىنى پۇرسەت بىلگەن چىن ئىمپېراتورى، «جېڭجى» ئىسىملىك قوماندان باشچىلىغىدا چوڭ بىر قوشۇننى شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. جېڭجى مىلادىدىن بۇرۇنقى 95 ـ يىلى لولان ۋە قوچۇ خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇجايلارنى بېسىۋالدى. ئۇندىن كېيىن كىنگىت، (ھازىرقى قارا شەھەر) كوچا، يەركەن، قەشقەر ۋە ئۇدۇن[23] قاتارلىق 36 خانلىق ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، چىنگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىمپېراتور ئىستېلا ۋەزىپىسىنى ئورونداپ بولغان جېڭجىنى، شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. جېڭجى لوپنور كۆلى يېنىدا ۋولى دېگەن جاينى مەركەز قىلىپ تۇردى. (ھازىر بۇ جايدىن ھېچ ئەسەر قالمىغان) چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا بۇ ئىستىلا 49 يىل داۋام قىلغانمىش.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ يىلى، ھۇن تەڭرىقۇتى شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قوشۇن يوللىدى. بۇ قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ھەر قايسى خانلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى چىنلىقلارنى يوقاتتى ۋە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. لېكىن، جەنۇبدا ئۇدۇن، يەركەن، ئۈچ ۋە كۇچا خانلىرى ھۇن دۆلىتىگە قوشۇلماي دوست بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قالغان. بۇخانلىقلار ئىچىدەيەركەن خانلىقى ھەممىسىدىن كۈچلۈك ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر

مىلادىنىڭ 40 ـ يىلى، يەركەن خانى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز رەھبەرلىگىدە بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش يولىدا، ئالدى بىلەن ئۇدون خانى ئىپارخان

[23] بۇ دەۋردە خوتەن، «ئۇدۇن» دەپ ئاتىلاتتى(ن. ش. ھ .).

بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىپارخاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن ۋە ئۇنىدىن كېيىن قەشقەرمۇ يەركەننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. مىلادى 41 ـ يىلى كۇچانمۇ ئالدى ۋە ئوغلىنى كۇچاغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىدىن كېيىن يەركەن خانى كىنگىت، لولان ۋە قوچۇ خانلىقلىرىنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ھۇن تەڭرىقۇتى ھىمايە قىلىپ تۇرغانلىقتىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ھۇن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا ھۇن دۆلىتىنىڭ تەسىرى قالمىدى. ئامما، بۇ ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى كۈچلىنىپ قوچۇ، لولان، كىنگىت ۋە شىمالدىكى باشقا خانلىقلارنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلدى. كۇچا مۇ يەركەن خانلىقىدىن قۇتۇلۇپ تەڭرىقۇتقا قېتىلدى. يەركەن خانلىقىنىڭ ئۇدۇن، قەشقەر ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيىتى مىلادىنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. بۇجەرياندا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن دوستانە ۋە ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتتى. بۇرۇن يەركەن خانلىقى تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇدۇن خانى ئىپارخاننىڭ جىيەنى كۈنتۇغدى خان مىلادىنىڭ 60 ـ يىللىرى ئارىسىدا يەركەن خانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇدۇننى قولىغا ئالدى. تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، قەشقەر، ۋە ئۈچ نىمۇ ئېلىپ يەركەن خانلىقىنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بىرخانلىق قۇرۇپ چىقتى. كۈن تۇغدى خان بىلەن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ئارىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ بىر دائىمىي ئەلچىسى ئۇدۇن (خوتەن) دە تۇراتتى.

## شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى
## 30 يىللىق ئۇرۇش

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانلىقلار ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ۋە غەربىدىكى(ئۇدۇن، قەشقەر ۋە ئۈچ) خانلىقلار كۈن تۇغدىخاننىڭ قول ئاستىدا ياشىماقتا ئىدى. مىلادى 73 ـ يىلى چىن ئىمپېراتورى مىڭتى(مىڭدى) شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن، بەن چاۋ نىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن يوللىدى. بۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمنى توسۇش ئۈچۈن، تەڭرىقۇت ۋە شەرقىي تۈركىستان خانلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بارىكۆل ئەتراپىدا يىغىلدى. بەن چاۋ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى. ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، تەڭرىقۇت ۋە خانلارنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. بەن چاۋ، بارىكۆل ۋە قۇمۇل خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى. بۇغەلىبىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن چىن ئىمپېراتورى، بەن چاۋغا نۇرغۇن ئەسكىرىي ياردەم يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان جايلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

بەن چاۋ مىلادىنىڭ 75 ـ يىلى لولانغا ھۇجۇم قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، لولاننى بېسىۋالدى. لولان خاننى ھۇن ئەلچىسى قاتارلىق لولاندا تۇرۇشلۇق ھۇن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىن ئىمپېراتورىغا سادىق بولىمەن دەپ قەسەمياد قىلىشقا مەجبۇرقىلدى. ئۇندىن كېيىن، بەن چاۋ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ چەرچەننى بېسىۋالدى . 77ـ يىلى خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. كۈن تۇغدىخان ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشلار دىن كېيىن سۇلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بەن چاۋ خوتەن ئوردىسىدىكى ھۇن تەكرىقۇت ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈپ، چىنگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا كۈن تۇغدى خان بىلەن پۈتۈشتى. خان بۇ كېلىشمگە ئەمەل قىلىپ ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى ۋە چىن ھىمايىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن، قەشقەر ۋە ئۈچ خانلىرىمۇ چىنغا بويسۇندى.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، كۇچا خانى ھۇن تەكرىقۇتىدىن ياردەم ئېلىپ، قەشقەر ۋە ئۈچنى بەن چاۋ ۋە كۈن تۇغدى خاندىن تارتىۋالدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەن چاۋ قەشقەرنى تارتىۋالغان بولسىمۇ ئۈچنى ئالالمىدى. چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستانغا بىر ئومۇمىي ۋالى تەيىن قىلىپ بەن چاۋنى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىچكى ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ بۇرۇنقى قەشقەر خانىنىڭ ئوغلىنى قورچاق خان قىلىپ تەيىنلىدى.

مىلادىنىڭ 80 ـ يىلى كوچا، كىنگىت ۋە ئۈچ خانلىرى كۈنخان بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ تامامەن دېگۈدەك يوقاتتى. چىن ئومۇمىي ۋالىسىنى كىنگىت ئەسكەرلىرى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بەن چاۋ ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەنگە قاچتى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن چىن ئىمپېراتورى مىڭتى، بەن چاۋنى قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىنغا قايتىشنى بۇيرۇدى. بەن چاۋ قايتىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغىنىدا، كۈن تۇغدى خان كېلىپ، ئۇنى قايتىشتىن توساپ قالدى. چۈنكى، ئۇ كوچا ۋە كىنگىت خانلىرىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان چىن ئىمپېراتورى، بەن چاۋغا بىر مىقدار ئەسكەر يوللاپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ، كۈچ توپلاپ مىلادى 85ـ يىلى قەشقەرنى قايتا بېسىۋالدى.

ئۈچ، كوچا ۋە كىنگىت خانلىرى بىلەن بەن چاۋ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى باختىر(باكترىيە) ۋە ھىندىستاننىڭ پادىشاسى بولغان ۋايما كادفايىسىز (كادېپسېس) 70.000 كىشىلىك زور بىر قوشۇننى تۈركلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بەن چاۋ نىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ئۇزۇن ۋە تاغلىق يوللاردىن مېڭىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. قوماندانى ئۆلدى ۋە ساق قالغان ئازراق ئەسكەرلىرى قايتىپ كەتتى (بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز).

بۇ ھادىسە، چىننىڭ ئاچكۆز ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى ۋە چىن

ئەسكەرلىرى تۈركۈملەپ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى باشلىدى. مىلادى 91 ـ يىلى بەن چاۋ كۇچانى ۋە ئۈچىنى بېسىۋالدى. لېكىن، قانچە قىلسىمۇ كىنگىت خانلىقىنى بويسۇندۇرالمىدى ۋە ئۇرۇش داۋام قىلىۋەردى. ئىلىدىكى ئۈيسۇن خانى مۇستەقىل بولسىمۇ، چىن ئىمپېراتورى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كۈيئوغلى ھەم ياردەمچىسى ئىدى. دېمەك، چىنلىقلارغا بويۇن ئەگمەي قىلىچ كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ تۇرغان، بىرلا قاراشەھەر خانلىقى ئىدى. بەن چاۋ كۇچانى مەركەز قىلىپ، چىن ئاسارىتىدە قالغان خانلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ ئومۇمىي ۋالى سۈپىتى بىلەن مىلادىنىڭ 102 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ تۇردى. ئامما، بۇ چاغلاردا كىنگىت بىلەن ئۇرۇش داۋام قىلماقتا ئىدى. بەن چاۋ 103 ـ مىلادىدا چىنگە قايىتتى. ئورنىغا ئوغلى بەن يۇڭ ئومۇمىي ۋالى بولدى.

بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن، خوتەن (ئۇدۇن) ۋە يەركەن خانلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بەن يۇڭنىڭ قولىدا، يالغۇز قەشقەر، ئۈچ. روران، قوچۇ ۋە كۇچا قاتارلىق جايلار قالدى. بەن يۇڭنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىز لاشماقتا ئىدى.چىن تارىخلىرىغا كۆرە، بۇخانلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز كۈچلىرى بىلەن بىر قىسمى ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن چىن ھاكىمىيتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. يەنە چىن تارىخىرىدا، بۇ جەرياندا چىننىڭ غەرب بىلەن بولغان تاشقى سودا ـ تىجارىتىگە دەخلى يەتمىگەن. يەنى. مۇستەقىل بولغان بۇ خانلار چىننىڭ تىجارەت ماللىرىنى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

يۇقىرىقى ھادىسەلەردىن مىلادىنىڭ 73 ـ ۋە 103 ـ يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ جەرياندا چىن ئىستىلاسى ھېچبىر زامان ئۇزۇن مۇددەت يۈرۈپ تۇرالمىغان. بەن چاۋ خوتەن خانى بىلەن كۇچا خانى ۋە باشقا خانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشقا سېلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ـ تۈركىستاندا 30 يىل داۋام قىلغان بۇ قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى قىسقا بىر مەزگىل ئىشغال قىلغان بولسىمۇ بەن چاۋ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن. مىلادى 103 ـ يىلدىن باشلاپ، بۇ ئىستىلانىڭ ئۆمرى تۈگىگەن. بىز بۇ 30 يىللىق مەزگىلنى «شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى 30 يىللىق ئۇرۇش» دەپ ئېيتىمىز. شۇنداقلا بەزى تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلى جەريانىنى سۆزلىمەي «بۇ مەزگىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان چىن ئىستىلاسى ئاستىدا ئىدى» دەپ يازغانلىقىغا ئېتىبار قىلمايمىز. ئافغانىستان تارىخىدا، ۋايما كادپىسېسنىڭ بۇ ئېغىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، ياۋچى پادىشالىرى چىن ئىمپېراتورىغا مىلادى 103 ـ يىلىغىچە خىراج (باج ـ سېلىق) تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. شۇ تارىختا كانىشكاي (كانىشكا) چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئالغان دەپ، بايان قىلىنغان. ئەمما، چىن تارىخلىرىدا بۇسۆز يوق. لېكىن زامانىمىزدىكى

تارىخ كىتابلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكىرلىرىدە، مىلادى 130 - يىلىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا كۆچلۈك بىر چىن نۇپۇزى پەيدا بولغانلىقى، ھەتتا، پەرغانە ۋە سۇغد ئۆلكىلىرىگە قەدەر چىن ئەسكەرلىرى كىرگەنلىكىنى مۇجمەل بىر سۈرەتتە بايان قىلىدۇ. ئەمما، تەپسىلى ئەھۋاللار مەلۇم ئەمەس.

3 - پەسىل

## قوشخان ئىمپېراتورلۇقى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ياۋچىلار باكترىيە، يەنى بەلخ، تاخارىستان (بەدەخشان ۋە قەتەغەن) ۋە سوغد(سەمەرقەنت ۋە بۇخارا) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆيەردىكى ساكا(ساقا) تۈركلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ، بۇئۆلكىلەردە بەش مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ چىقتى. ھۇن تەڭرىقۇتى كۆچلۈك بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 40 - يىلى ياۋچىلارنىڭ باكترىيەدىكى قۇشخان قەبىلىسىنىڭ خانى كادپىسپىس (كادفايسىز) باشقا پۈتۈن ياۋچىلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالىي ئافغانىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۇنانلىقلارنى يوقىتىپ، چېگرىسى ھىندۇقۇش تاغلىرىغىچە كېڭەيگەن قۇشخان ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقتى. باكتىر(بەلخ) شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ياۋرۇپا ۋە چىن تارىخلىرىدا بۇ ئىمپېراتورلۇق «كۇشان ئىمپېراتورلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. كادپىسپىس مىلادىنىڭ 50 - يىلى كاپىسا(قەدىمكى كابۇل) قەندىھارنى ئۇنىڭدىن كېيىن، ھىرات ۋە سىستان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگەللىدى. ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ جىھلىم دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنى بېسىۋالدى. كادپىسپىس مىلادى 78 دە ئۆلدى. ئوغلى«كادپىسپىس II » ئۇنۇڭانى بىلەن تەختكە چىقتى ۋە ھاكىمىيىتىنى سىند دەرياسى بويىغا قەدەر كېڭەيتتى. بۇ جايلاردىكى پۈتۈن ساقالارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى 30 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلى ۋايىما II - كادپىسپىس زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ. چىن ئىمپېراتورىنىڭ تۈرك خانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بىرقانچە خانلىقلارنى بېسىۋالغانلىقى كادپىسپىسنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

كادپىسپىس ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى بىلەن تەڭ كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 90 - يىلى چىنغا بىرئەلچى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن ئىمپېراتورغا خەت يېزىپ، تۈرك خانلىرىغا قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقنى دەرھال توختىتىش ۋە چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ تۈرك خاقانلىرىغا قىز تارتۇق قىلىش ئەنئەنىسىگە بىنائەن ئىمپېراتور قىزىنى بېرىشىنى، تەلەپ قىلدى. ئەلچى قەشقەرگە كەلگەندە بەن چاۋ ئۇنى تۇتۇپ قاماپ قويدى. كېيىنچە قويۇپ بېرىپ، چىنگە بارغۇزماي باكترىيىگە ھەيدىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كادپىسپىس دەرھال «سى» ئىسىملىك قوماندانىنى 70,000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن بەنچاۋنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. بۇ قوشۇن ھازىرقى ۋاخان ۋە تاشقورغاننىڭ يامان تاغلىق يوللىرى بىلەن يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە

قەشقەرگە كەلدى. ئەسكەرلەر ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك يولدا قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن بەنچاۋنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قاتتىق زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى. قوماندان ئۆلدى. 70,000 كىشىدىن ئازراق كىشى ساق قۇتۇلۇپ، قېچىپ كەتتى. بۇ ئېغىر يېڭىلىش نەتىجىسىدە كادپىسېس چىن تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۈلھى قىلىپ چىنگە باج تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق باج بېرىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى كانىشكانىڭ زامانىسىغىچە داۋام قىلدى. يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر ئافغانىستان تارىخلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، چىن مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق.

مىلادى 110 ـ يىلى ۋايماكادپىسېس ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا توغقىنى كانىشكا تەختكە چىقتى.كانىشكا تازا سىياسەتچى ۋە جاھانگىرتەبىئەتلىك بىرئادەم ئىدى. تەختكە چىقىش بىلەن تەڭ چىنگە بېرىدىغان سېلىقنى توختاتتى. ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، گانگى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ھىندىستاندىكى بىرقانچە يەرلىك خانلىقلارنى يوقىتىپ كەشمىرنىمۇ ئىگەللىدى ۋە باكتىردە بىرسىنى ۋالى تەيىن قىلىپ، قويۇپ پايتەختى پۇرۇشپۇر(ھازىرقى پىشاۋۇر) غا قايتىپ كەتتى(تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ھىندىستان ۋە ئافغانىستان تارىخلىرىغا قاراڭ).

## ئالتى شەھەرنىڭ قۇشخان دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى

مىلادى 150ـ يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا يۈزبەرگەن ۋەقەلىكلەر ھەققىدە قولىمىزدا تولۇق مەلۇمات يوق. لېكىن، 2 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك تۈرك ئىمپېراتورى بولغان قۇشخان (كۇشان) لارنىڭ مەشھۇر پادىشاسى كانىشكا شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئالتى شەھەرنى قول ئاستىغا كىرگۈزگەنلىكى سىياسى جەھەتتە مۇھىم بىرھادىسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىدا بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدا زور ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرئاز سۆزلەپ ئۆتىمىز.

كانىشكا مىلادى 130 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆگۈز نىڭ شىمالى تەرىپىدىن بېسىپ كىرىپ، چىن ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇش باشلاندى. مىلادى 150 ـ يىلىغا كەلگەندە، قۇدرەتلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ۋاخان يولى بىلەن مېڭىپ، تاغدۇمباش ئارت (ۋاغجىر داۋانى) دىن ئېشىپ، سېرىق قولنى ئىگەللىدى. ئۇندىن كېيىن، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تار ـ مار قىلىپ قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە ئۈچ قاتارلىق خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. بۇ خانلىقلارنى كېيىنچە يۈز ئۆرۈپ ئاسى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، بۇلارنىڭ بىردىن ئوغۇللىرىنى ئۆزى بىلەن گۆرۈ ئېلىپ، پايتەختى پىشاۋۇرغا قايتتى.

كانىشكا گۆرۈ ئالغان بۇخانزادىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ پادىشالارغا لايىق كۈتۈۋالدى. بۇلارنى يازدا كاپىسا(هازىرقى كابۇل) دا، قىشتا بولسا قەندىھاردا ساقلىدى.

مەن بۇ يەردە قۇشخان ئىمپىراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تىگىشلىك قىسىملىرى ئۈستىدە، ۋەقەلىكلەرنى ئافغانىستان ۋە چىن تارىخلىرىدىن ئېلىپ مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تەقدىم قىلمەن (قۇشخان دۆلىتىنىڭ كانىشكا دەۋرىدىكى كېڭەيگەن دۆلەت تېرىتورىيەسى 4 ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى).

## قۇشخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت

شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا، ياۋچى ۋە ساقا تۈركلىرى ئىچىدە كانىشكا دەۋرىگىچە قەدىمكى تۈرك دىنى توين دىنى راۋاج تاپقان. باكترىيە ئۇ دەۋردە ياۋچىلارنىڭ سىياسى مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى زاماندا دىنى مەركىزى ھېساپلىناتتى. باكترىيە دىكى«نوبار» دەپ، ئاتالغان ئىبادەتخانە توين دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەئبىدى ئىدى. ئىران تارىخلىرىدا بۇ ئىبادەتخانە «نەۋباھار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ ئىبادەتخانە يەفتىللەر(ئېفتالىتلار) نىڭ مۇنقەرىز بولۇشىغا قەدەر توين، شامان ۋە بۇددا دىنلىرى ئۈچۈن، بىردىن ئايرىم بۆلۈملىرى بولغان بىرچوڭ ئىبادەتخانە ئىدى. يەفتىللەر مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، نوشىرۋان بۇ ئىبادەتخانىنى مەجۇسىلەرنىڭ «ئاتەشگىدىسى» (ئوتقا چوقۇنىدىغان ئىبادەتخانىسى) قىلغان. ئىسلام دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مەجۇسىلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ھىجرى 4 ـ ئەسىردە يىقىلدى. كانىشكا ھىندىستاننىڭ «پەتنە» دېگەن جايىنى ئالغان چاغدا، بۇجايدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر پېشۋاسى ئاسۇگۇشا نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولغان پۈتۈن يۇرتلاردا بۇددىنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. نەتىجىدە، بۇددا دىنى رەسمىي دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ ئافغانىستان، باكترىيە، سوغد ۋە تاخارىستان قاتارلىق جايلاردا تازا راۋاج تاپتى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققى قىلىشى شۇنچىلىك چاپسان بولدىكى، قىسقىغىنە بىر ۋاقت ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى توين دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مۇقەددەس كىتابلىرى شەرقىي تۈركىستان مۇھەررىرلىرى تەرەپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى ۋە ئۇيغۇرھەرپى بىلەن يېزىلىپ نەشر قىلىندى.كانىشكا نىڭ تەكلىپى بىلەن، بۇددا راھىپلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ

دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.«ئافغانىستان تارىخى» غا كۆرە، «ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان. ئۇدۇندا 100گە يېقىن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ بۇلاردا 5000 بۇددا راھىپلىرى بارئىدى». يەنە بىر چىن سەيياھىمۇ ئۆز ساياھاتنامىسىدا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ .[24]

چىن تارىخلىرىغا كۆرە، كانىشكانىڭ دەۋەتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن بۇددا راھىپلىرىنىڭ ئاتاغلىقراق بولغىنى كۇماراجىۋا ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ راھىپ كۇچادا ئولتۇرغان ۋە كۇچا خانىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن ئىكەن. يەنە چىن رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان شۇ چاغلاردا، ھىندىستاندىن قالسا بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى ئورۇنىدا ئىدى. بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۇدۇن، قەشقەر ۋە كۇچا دىن نۇرغۇن راھىپلار شۇ چاغدىكى چىن پايتەختى بولغان لوياڭ (ھازىرقى خېنەندە) غا بارغان ۋە بۇ جايلاردا كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلغان. كېيىنچە، قۇجۇ(تۇرپان) بۇددا دىنىنىڭ تازا راۋاج تاپقان يەرلىرىدىن بىرى بولدى. شەرقىي تۈركىستان راھىپلىرىنىڭ شەرقتىكى مەملىكەتلەرگە بېرىپ تەبلىغ قىلىشلىرى بىلەن ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە بۇ باغلىنىشلار سايىسىدە ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە چىن خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر يېقىنلىق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، بۇ يېقىنلىق يالغۇز دىن بىلەنلا چەكلىنىپ، قالماي بەلكى بۇ مەملىكەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە سانائەت قاتارلىق جەھەتلىرىدە بىر - بىرگە كۆپ تەسىر كۆرسەتتى. ھىندىستاندىن كۆپلىگەن سەنئەت ئەربابلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگىلى باشلىدى. بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆز سانائەتىنى راۋاجلاندۇردى ۋە ھىندىستان سەنئەتىنىمۇ بۇ يەرلەردە تەرەققى قىلدى.

خوتەن خەلقى ھىندىستانغا ئەڭ يېقىن قاتناش يولىنى كەشپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستانغا بېرىش - كېلىش كۆپەيدى ۋە سودا- تىجارەت كارۋانلىرى قاتناشقا باشلىدى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە بارغانلار، بىدە ئۈرۈقى ۋە تال كۆچەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چىنلىقلارغا بىدە تېرىشنى ئۈزۈملۈك باغ يېتىشتۈرۈشنى ئۆگەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە باغان رورانلىق «شايلۇن» ئىسىملىك بىركىشى، چىندىن قەغەزچىلىك سەنئىتىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا قەغەزچىلىك سەنئىتىنى يايدى. ھازىرخوتەن ۋە يەركەندە راۋاجلانغان قەغەزچىلىك، مانا شۇ زاماندىن قالغان قەدىمكى سەنئەتنىڭ ئۆزىدۇر. چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا رورواندا، قەغەزچىلىك مىلادىنىڭ 105 ۋە 150 - يىللىرى تازا تەرەققى قىلغان ئىكەن.

[24] چىنىنىڭ ئاتاغلىق بۇددا راھىبى فاشيەن ساياھەت قىلىپ، ئۇدۇنغا(خوتەنگە)كەلگەن. قايتىشتا كەشمىر يولى بىلەن ھىندىستانغا كەتكەن. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ چاغلاردا ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ جەننىتى ئىدى.غايەت چوڭ ۋە زىننەتلەنگەن ئىبادەتخانىلار بولۇپ، بۇلاردىن بىرىدە 5000 راھىپ بار ئىدى( مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

شۇنداق قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد بىرلىكى نەتىجىسىدە ئۆزئارا، زىيارەتلەر ۋە بېرىش - كېلىشلار كۆپىيىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ھىندىستان ۋە چىن قاتارلىق جايلارغا بارغانلار ئۇيەرلەردە تۈركىستان مەدەنىيىتىنى تارقاتتى ۋە ئۇلاردىكى سانائەت، ئىلىم ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. مانا، بۇ ئەھۋال يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئۆزگىرىشنى ۋە يېڭىلىقنى، يەنى، بىر ئىنقىلابنى مەيدانغا كەلتۈردى.

### شەرقىي تۈركىستاندا قۇشخانلارنىڭ تەسرى يوقىلىپ، يەرلىك خانلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى

كانىشكا مىلادى 140 - يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى ھۇشكا (ھۇۋسكا) پادىشا بولدى . بۇنىڭ زامانىسىدا شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ھۇۋسكا تەخمىنەن مىلادى 172 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋاسودېۋا دېگەن زات پادىشا بولدى. ۋاسودېۋا بىلەن ئىران شاھلىرى(ساسانىلار) ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستاندىكى بەزى راجالار ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، قۇشخان دۆلىتى ئاجىزلاشقىلى تۇردى. ئەمما، ئالتى شەھەردىكى قۇشخانلار ھاكىمىيىتى يەنىلا كۈچىنى يوقاتمىغانىدى. ۋاسودېۋا نىڭ مىلادى 220 - يىلى ۋاپات بولۇشى بىلەن ئالتى شەھەر خانلىرىمۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئالتى شەھەر خانلىقلىرىنىڭ بۇ مۇستەقىللىقى، ھېچقانداق بىرباشقا ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرمەستىن، تاكى ئۇلارنىڭ سىيانپى ئىتتىپاقىغا كىرىشىگە قەدەر 140 يىل داۋام قىلدى.

4 - پەسىل

## سىيانپى بىرلەشمە دۆلىتى

### چىن ئىستىلاسىدىن سىيانپى ئىتتىپاقىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق ۋە شىمال قىسىملىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەشھۇرچىن قوماندانلىرىدىن بەن چاۋ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىنى ئىستىلا قىلغان تارىختىن باشلاپ، قوجۇ، بارىكۆل، روران ۋەكىنىگىت قاتارلىق جايلار ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. ئۇ تارىختىن باشلاپ مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە بولغان زامان، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرى بولۇپ، موغۇلىستان ۋە ئالتايدىكى تۈرك خانلىقلىرى چىنگە باج - سېلىق تۆلەپ تەۋەلىك ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا بۇنىڭغا قاراپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇ قىسىملىرىنىڭمۇ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا بولۇشى كېرەك دەپ، گۇمان قىلىنىدۇ. ئىلى، ئىسسىقكۆل ۋە يەتتەسۇ خانلىقلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىكەنلىك ئېھتىمالى كۈچلۈك. ئىمىل (تارۇتاي) ۋە ئىككى -

ئۆگۈز (ھازىرقى ئالتاي) خانلىقلىرى چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، موغۇلىستاندا دۆلەت قۇرغان سىيانپى تۈركلىرىگە تەۋە ئىدى.

مىلادى 220 - يىلى، خەن خاندانى يىقىلىپ چىندىكى ئىككى تۈرك ۋە بىر چىن دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ قىسمى تامامەن مۇستەقىل بولدى. بۇلارغا قارىغاندا ئالتى شەھەرخانلىقلىرىنىڭ قۇشخانلار نۇپۇزىدىن قۇتۇلۇشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانلىقلارنىڭ چىن نۇپۇزىدىن قۇتۇلۇشى تەخمىنەن بىرلا ۋاقىتتا بولغان. بۇلار 140 يىلغا يېقىن مۇستەقىل ياشىدى.

## سىيانپى تۈركلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان

شىمالىي ھۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، سىيانپى تۈركلىرىنىڭ ئالتاي ۋە تانئۇئۇلا تاغلىرى ئارىسىدا يەرلەشكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. موغۇل تارىخلىرىدا، مانجۇرىيە ۋە شەرقىي موغۇلىستاندىكى تۈركلەرنى ئومۇمەن «تاتار» دەپ ئاتايدۇ. چىن تارىخچىلىرى بۇلارنى «تونگوز» (تۇڭگۇس) دەپ ئايرىيدۇ. لېكىن، بۇلار ئەسلىدە تۈركلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، يۇرتى قەدىرخان تاغلىرىنىڭ سىيانپى جىلغىسىدا بولغانلىقتىن بۇلار تارىختا «سىيانپىلار» دەپ ئاتالدى. ھازىرقى تارىخ كىتابلىرىدىمۇ« سىيانپى تۈركلىرى» دەپ، زىكىر قىلىنماقتا. سىيانپىلار ئالتاي تاغلىرىغا كەلگەندىن باشلاپ، چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا دۆلەت قۇرۇپ، بارا - بارا يۇرتلىرىنى كېڭەيتىپ، شىمالىي ھۇن دۆلىتىگە تەۋە جايلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىدى.

خەن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى بىلەن تەڭ چىندە ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق قالايمىقانچىلىق يۈزبەرگەندە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىيانپى خانى شىمالىي موغۇلىستاننى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ 225 - يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى «تەڭرىقۇت» ئېلان قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا جەنۇبىي ھۇنلارمۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، شىمالىي چىننى ۋە كۆك دەريا (چاڭجياڭ) نىڭ شىمالىنىمۇ ئۆز تەۋەلىكىگە ئېلىپ، لياۋ خانلىقىنى قۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىيانپىلار شەرق ۋە جەنۇپقا كېڭىيەلمەي، يەتتەسۇ ۋە ئىلىنى ئىگەللەپ تۇردى. بۇ ھال 100 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. مىلادىنىڭ 350 - يىلى مانجۇرىيەدىكى توپا تۈركلىرى لياۋ خانلىقىنى مۇنقەرىز قىلدى. كېيىنچە توپالارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماجرالار تۇغۇلۇپ، ئۆز ئارا جېدەل باشلىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان سىيانپى خانى فۇخان (چىنلىقلار بۇنى بوزۇپ «فوكېئىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ) مىلادى 351 - يىلى،گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بېسىۋالدى ۋە ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلدى. توپالار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى. تېرىتورىيەسى مىلادى 381 - يىلىغا كەلگەندە

شەرقتە ياپون دېڭىزى، جەنۇبدا كۆك دەريا، غەربدە ئىنجە(سىر) دەرياسى ۋە پامىر تاغلىرىغىچە يېتىپ بارغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆگۈز دەرياسى ۋە ئورال كۆلىگىچە ئىدى (5 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

تەڭرىقۇت فۇخان مىلادى 351 دە گەنسۇنى ئېلىپ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەنفۇ) نى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، قوجۇ ۋە روران خانلىرى تەڭرىقۇت فۇخانغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادى 360 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بۇ ئىككى خان چاڭئەنگە بېرىپ، تەڭرىقۇتنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. تەڭرىقۇت بۇ ئىشتىن كۆپ خوش بولۇپ ئالتى شەھەردىكى باشقاخانلارنىمۇ ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، لوخان (چىنچە ـ لوگۇۋاڭ دەپ تەرجىمە قىلىندۇ) دېگەن بىر سىنىڭ قوماندانلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىدى. ئالتى شەھەرخانلىرى، مەغلۇپ بولۇپمۇ ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەنمۇ، بۇلار تازا ئېنىق ئەمەس، سيانپىلارگە بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان سيانپىي تەڭرىقۇتىنىڭ ئىتائىتى ئاستىغا كىردى. لۇخان، سيانپىي تەڭرىقۇتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئومۇمىي ۋالىسى بولدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىڭ مۇستەقىللىقى

تەڭرىقۇت فۇخان مىلادى 383 ـ يىلى جەنۇبىي چىننى ئالىمەن دەپ، جەنۇبىي چىن دۆلىتى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشتى ۋە قاتىق مەغلۇپ بولدى. نەتجىدە، قول ئاستىدىكى شىمالىي چىندە ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ بۇ يەرلەرمۇ قولىدىن كەتتى ۋە سيانپىي دۆلىتى تامامەن كۆچىنى يوقىتىپ، كونا يۇرتى بولغان ئالتاي تاغلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەتتىن سيانپىلار قول ئاستىدىكى خانلار تازا پايدىلاندى ۋە سيانپىي تەڭرىقۇتلۇقىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئاخىرى، مىلادى 390 ـ يىلغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان خانلىرى سيانپىلارنى ئالتايدىن شىمالىي سىبىرىيىگەكۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرقىلدى. شۇ نىڭ بىلەن ئۇ ئۇلۇغ تۈرك دۆلىتى ، سەل ئېقىتىپ كەتكەندەك يوق بولۇپ كەتتى. شەرقىي تۈركىستانغا سيانپىلارنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى قىلىپ قويغان لوخان بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن كۇكۇ(كۆككۆل) غا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە كىچىك بىر دۆلەت قۇردى. 14 يىل ياشىغان بۇ دۆلەتنى، چىن تارىخلىرىدا «خوۋلياڭ» (كېيىنكى لياڭ) خانلىقى دەپ يازىدۇ. مانا، شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خانلىقلىرى مىلادى 386 ـ دە ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، بۆلۈنمە خانلىقلار شەكلىدە ھۆكۈمرانلىقلىرىنى داۋام قىلدى. بۇ ۋەزىيەت مىلادى 448ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى. يەنى، شەرقىي تۈركىستان خانلىرىنىڭ توپا ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولۇشلىرىغا قەدەر داۋام قىلدى.

5 ـ پەسىل

## توپا تۈرك دۆلىتى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ توپا(توبا) ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. ئەمما، بۇ دۆلەتنىڭ تۈرك تارىخىدا قەدىمكى مەدەنىيەتلەر جەھەتتە زور ئەھمىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا بولسىمۇ بىرئاز سۆزلەپ ئۆتىمىز[25]:

هۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ، هۇن تەڭرىقۇتىغا بويسۇنماي قەدىرخان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم تاتارلار «توپالار» دەپ ئاتالغان (6 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

هۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، توپالار ئاستا ـ ئاستا جەنۇبقا كۆچۈپ شەرقىي موغۇلىستانغا كېلىپ، يەرلەشتى. كېيىنچە تېخىمۇ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، سەددى چىندىن ئۆتۈپ، شەنشى ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ،كىچىك بىر بەگلىك قۇردى ۋە بارغانسىرى كۈچلەندى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 300 ـ يىلى توپالارخانى ئىلۇ جەنۇبىي هۇن دۆلىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، 311 ۋە 315 ـ يىللىرى ئارىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئىلۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا خان بولغان يۇلۇ موغۇلىستان دىكى تۈرك خانلىرى ۋە سىيانپى تەڭرىقۇتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تېررىتورىيەسىنى ئالتاي تاغلىرىغىچە كېڭەيتتى (6 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ئۇندىن كېيىن توپالارغا خان بولغان بىرزات (چىنلىقلارئۇنى «مايۇك» دەپ ئاتايدۇ) مىلادى 350ـ دە جەنۇبىي هۇن تەڭرىقۇتى شايمان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە شايمان ئەسىر ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي هۇن تەڭرىقۇتلۇقى تامامەن مۇنقەرىز بولدى. لېكىن، ئۇندىن كېيىن، توپالارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت پارچىلاندى. مايۇكنىڭ بۇ ئاجىزلاشقان هالىدىن پايدىلىنىپ، سىيانپى تەڭرىقۇتى فوخان، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سىيانپىلار جەنۇبىي چىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مىلادى 383 ـ يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، توپالارخانى كىۋېي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە مىلادى 386 ـ يىلىغا كەلگەندە، سىيانپىلارنى جەنۇبىي چىندىن تامامەن هەيدەپ چىقاردى ۋە ئۆزىنى شىمالىي چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلىپ، «ۋېي» ئۇنۋانىنى ئالدى. دۆلىتى، چىن تارىخىدا ۋېي ئىمپېراتورلۇقى دەپ نام ئالدى. سىيانپىلار ئاجىزلاشقاندا، چىننىڭ پىچىلى ئەتراپىدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، بىر دۆلەت قۇرغان ۋۇخۇۋەن يەنە بىرئىسمى «يەن» بولغان تۈرك دۆلىتىنىمۇ، ۋېي خانى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى. ئۇندىن كېيىن، ۋېي خانلىرى خۇنەن، شەنشى، گەنسۇ ۋە شىمالىي چىننىڭ باشقا جايلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ توپا دۆلىتىنى كۆك دەرياغىچە كېڭەيتتى(6 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

25 بەزى تەتقىقاتچىلار سىيانپى ۋە تۇپالارنى هۇنلار تۇپلۇمىدىكى «غەيرى تۈرك»كاتېگورىيەسىدە كۆرسىتىدۇ. (ن. ش. ھ.).

## قۇجۇ ۋە ئالتى شەھەرخانلىقلىرىنىڭ
## توپا ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلۇشى

چىن تارىخىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇجان ئىمپېراتورلۇقى مىلادىنىڭ 429 - يىلى موغۇلىستان نىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلار ۋە ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن موغۇلىستان، ئالتاي، غەربىي گەنسۇ ۋە كۆككۆل ئۆلكىلىرىنى ئىگەللىدى. مىلادىنىڭ 435 - ۋە 437 - يىللىرى ئارىسىدا، شەرقىي تۈركىستان خانلىرى جۇجان ئىستىلاسىدىن قورقۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن توپا ئىمپېراتورلۇقىغا قېتىلدى. تۈركچە «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن ئەسەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مىلادى 448 - يىلى توپا(ۋېي) ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللاپ، قوچۇ ۋە ئالتى شەھەر خانلىرىنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرقىلغان (6 - خەرىتىگە قاراڭ). ئەمما، بۇ قوشۇلۇش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا تۈرك يۇرتلىرىدا ناھايىتى تېز كۈچلىنىپ، ھۆكۈمرانلىق قۇرغان جۇجان دۆلىتى، مىلادى 460 - يىلىغا كەلگەندە توپا ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى.

## توپا تۈرك مەدەنىيىتى

مىلادى 5 - ئەسىردە شىمالىي چىندە ئىلغار بىرمەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات دەۋرى باشلاندى. مانا، بۇ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات توپا تۈركلىرىنىڭ ئەسەرى ئىدى . چىندە بۇ دەۋردە ھەربىي، سىياسىي ئىقتىسادى ۋە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ۋە باشقا مەدەنىي جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر پارچىسى بولغان ۋە ھازىرقى گەنسۇنىڭ بىرقىسمى بولۇپ قالغان دۇڭخۇاڭ دىكى تاغدىن ئويۇپ ياسالغان ئىبادەتخانىلارنىڭ مىمارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ۋە نەققاشلىق سەنئەت ئەسەرلىرى، توپا مەدەنىيىتىنىڭ شىمالىي چىندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستانغىمۇ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرستىدۇ. چىن ۋە ياۋروپا مۇزېيلىرىدا توپالارغا ئائىت سەنئەت ئەسەرلىرى بەك تولا.

6 - پەسىل

## جۇجان - تاتار ئىمپېراتورلۇقى

جۇجان تاتارلىرى ئەسلىدە شەرقىي موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيىدە يەرلەشكەن «تاتار» دەپ تونۇلغان تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، قەدىمكى تۈرك رىۋايەتلىرىدە«گۇجان» دەپ ئاتالغان ۋە توغرىسىمۇ شۇ بولۇشى مۇمكىن. «جۇەنجۇ» ۋە «چەچەن» دېگەن ئاتالغۇلار بولسا، يازغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزنى بۇزۇپ يېزىشلىرىدىن بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. چىنلىقلار بۇلارنى «پوپەن» دەپمۇ يازىدۇ. بەزى ياۋروپالىق تارىخچىلار بۇلار «ئاۋار تۈركلىرى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاپئاشكارا خاتا. چۈنكى، ئاۋارلار

بۇتارىختىن خېلىلا بۇرۇن ياۋرۇپادا شانلىق بىرتۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بىز بۇيەردە ئۇلارنى تارىختا مەشھۇر بولغان «جۇجان» ئىسمى بىلەن ئاتايمىز. مىلادى 310 ـ يىلى كىچىك بىر خانلىق شەكلىدە قۇرۇلغان بۇ دۆلەت، بارغانسىرى كۈچلىنىپ، شەرققە ۋە غەربكە قاراپ سىلجىپ، قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ شىمالىنى(قاختا بولۇشى كېرەك) پايتەخت قىلدى.كېيىنچە، پۈتۈن ئالتاي ۋە ئەتراپىنى ئىگەلىگەن خاندىن تارتىپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، «قاغان» ئۇنۋانىنى قوللاندى. مىلادى 402 ـ يىلى تولۇن قاغان تەڭرىقۇت بولدى. مىلادى 424 ـ يىلدىن تارتىپ توپالار بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. مىلادى 440ـ يىلى، تولۇن قاغان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆزىگە قاراتتى. بارغانسىرى ئىلگىرلەپ، ئاخىرىدا خەزەر دېڭىزى ۋە يايىق (ئورال) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى.

## تولۇن قاغاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى

تولۇن قاغان، غەرپ ۋە شەرقتىكى غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشلەردىن كېيىن، مىلادى 460 ـ يىلى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، قوچۇ ۋە ئالتى شەھەر ئۆلكىلىرىنى توپالاردىن تارتىۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، پەرغانە ۋە سوغدىدىكى تۈرك خانلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باكتىردىكى قۇشخانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى كابۇل تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇرقىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇجان ئىمپېرتورلۇقىنىڭ تېررىتورىيەسى ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭكى بىلەن تەڭلەشتى (7 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

جۇجان ئىمپېراتورلۇقى كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ، راسا كېڭىيىۋاتقان بىر پەيتتە، تولۇنخان قاغان ۋاپات بولدى. قاغانلىق جەمەتى ئىچىدە تەخت تالىشىش جېدەللىرى چىقىپ، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى قۇدرەت ۋە ھەيۋىتى قالمىدى. تۇخارىستان (ھازىرقى بەدەخشان ۋە قەتەغەن) دە يېڭىدىن كىچىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان يەفتىل تۈركلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باكترىيە، سوغد ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى.

كېيىنچە، جۇجانلار ئىچكى ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىپ، كۈچلەندى ۋە مىلادى 550 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، يەفتىللەرنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇردى ۋە بىر مەزگىل تىنىچ ياشىدى. مىلادى 555 ـ يىلى بۇ دۆلەت يىقىلىپ، ئورنىغا قۇرۇلغان كۆكتۈرك دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگىلى باشلىدى. جۇجان تاتارلىرى، توپا ۋە قۇشخان (كۇشان) لارغا قارىغاندا ئارقىدا قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، شۇ چاغدىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتە، ناھايىتى تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق ئىدى.

بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تولۇنخان قاغان ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ساھادا ناھايىتى داھىيانە قانۇن ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام تۈزۈملىرىنى ئورناتقان. پۈتۈن دۆلەت خادىملىرى ئەسكەرلەر ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەممىسى بۇ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرئىدى. جۇجان قاغانلىرىنىڭ، شىمالىي چىندىكى ۋېي (توپا) ۋە جەنۇبىي چىندىكى چۇ ئىمپېراتورلۇقلىرى ۋە ئىراننىڭ ساسانى شاھلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى چىن، ھىندىستان ۋە ياۋرۇپا تارىخلىرىدا تىلغا ئېلىنغان.

7 ـ پەسىل

## يەفتىل ئىمپېراتورلۇقى

يەفتىللەر سەددى چىننىڭ شىمالىدا ئولتوراقلاشقان چوڭ بىر تۈرك قەبىلىسى ئىدى. بۇلارنى چىن تارىخ مەنبەلىرىدا«خۇ» ۋە بەزى يەردە «يەنتا» دەپ ئاتايدۇ. مىلادى 424 ـ يىلى، يۇرتلىرىنى تاشلاپ غەربكە يۈرۈپ، دەسلەپتە سىر دەرياسى بويىغا يەرلەشتى، ئۇ يەردىن كۆچۈپ ئۆگۈز دەرياسىنىڭ باش تەرەپىگە ۋە ئۇندىن كېيىن، مىلادى 450 ـ يىلى ئەتراپىدا ھازىرقى بەدەخشاننىڭ يەفتىل (بەزى مەنبەلەردە ھەفتىل) دېگەن جايىنى پايتەخت قىلىپ يەرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈركلەر«يەفتىللەر» دەپ، ئاتالغان. ھىندىستان تارىخىدا بۇلارنى ئافتال ۋە ياكى ئافتالىت دەپ ئاتايدۇ. ئەرەب تارىخچىلىرى بولسا بۇلارنى «ھياطلە» ۋە ياكى «ھيتال» دەپ يازىدۇ. ياۋرۇپا تارىخلىرىدا «ئېفتالىتلار» ۋە مەشھۇر«ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتالغان تۈرك دۆلىتى مانا شۇلار.

يەفتىللەر دۆلەت قۇرۇپ، تۇخارىستاندا ھۆكۈمرانلىقنى ئىگەللىگەن چاغدا جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكىي ئىختىلاپ تازا ئۇچىغا چىققان زامان ئىدى. ئافغانىستاندىكى قۇشخانلار دۆلىتى پارچىلىنىپ، مۆنقەرىز بولۇشقا يۈز تۇتقان، پەنجاب (ھىندىساندىكى) راجالىرئى ئىچكىي ئۇرۇش باشلىغان بىر زامانغا توغرا كەلدى. بۇنداق پۇرسەتتىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن پايدىلانغان يەفتىللەر، قىسقىغىنا بىر ۋاقت ئىچىدە ئىنتايىن كۈچلىنىپ كەتتى. پۈتۈن ئافغانىستاننى، غەربىي تۈركىستاننى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ پەنجاب ۋە سىند قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلدى. مىلادىنىڭ 470 ۋە 480 ـ يىللىرىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك بىرئىمپېراتورلۇق قۇرۇپ چىقتى(8 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ئاز بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن، يەفتىللەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرى شىمالىي يەفتىل دۆلىتى بولۇپ، پايتەختى قەتەغەندىكى قۇندۇز شەھرىگە يېقىن تۆۋەنكى يەفتىل ئىدى. يەنە بىرى جەنۇبىي يەفتىل دۆلىتى بولۇپ، بۇنىڭ پايتەختى، پەنجابدىكى ساكلا شەھىرى ئىدى. مىلادى 522 ـ يىللىرىدا، شىمالىي يەفتىلنىڭ خانى ئاق شۇگقار ۋە جەنۇبىي يەفتىلنىڭ خانى تۇرامان دېگەن زاتلار ئىدى. جەنۇبدىكى خان شىمالدىكى خاننىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەفتىل دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى

(مىلادى 470 ـ 500)

مىلادى 470 ـ يىلى، جۇجانلارنىڭ ئىچكىي قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلانغان يەفتىللەر غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە نەتىجىدە قەشقەر، ياركەند(يەركەن)، خوتەن، كۇچا تاكى قوچۇ غىچە بولغان شەرقىي جەنۇبىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسى يەفتىل دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى (8 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

يەفتىل دۆلىتىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھاكىمىيىتى تەخمىنەن، مىلادى 500 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. شۇ تارىختا، جۇجانلارنىڭ يەفتىللەرنىمۇ مەغلۇپ قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى يەفتىل دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاياغلاشتى.

8 ـ پەسىل

## كۆكتۈرك دۆلىتى

ھۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بىرقىسىم تۈركلەر قېچىپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ كىرىش ـ چىقىش قىيىن بولغان جىلغىلىرىدىن بىرىسىگە كىرىپ يەرلەشكەن. قەدىمكى تۈرك ئەپسانەلىرىدىن مەشھۇر«ئەرگىنەقۇن» نامىنى ئالغان بۇجىلغىدا تۈركلەر600 يىل ياشىدى. يايلاقلىرى مۇنبەت، سۇيى مول بولغان بۇجايدا، ئۇلارنىڭ چارۋاماللىرى كۆپەيدى. نوپۇسىمۇ تازا ئارتتى ۋە تۆمۈر كانىنى كەشپ قىلدى. تۆمۈر سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ باياشات تۇرمۇشلىرى بىلەن بىرگە مەدەنىيەتتىمۇ يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. جۇجان تۈركلىرى دۆلەت قۇرۇپ، باشقا تۈرك قوۋملىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا باشلىغاندا بۇ ئەرگىنەقۇن تۈركلىرىنىمۇ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ئەمما، بۇلارمۇ باشقا خانلىقلارغا ئوخشاش قاغانىغا تەۋە بىرخانلىق بولۇپ، ئىچكىي ئىشلىرىدا مۇستەقىل ئىدى. ئەرگىنەقۇن تۈركلىرىنىڭ خانى قەھرىمان «بۇمىن خان» مىلادىنىڭ 552 ـ يىلى جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، جۇجان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۆتۈگەن تاغلىق مەنتىقىسىدىكى ئۆتۈگەن (ئۆتۈكەن) شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ دۆلىتىگە «كۆكتۈرك خانلىقى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەۋەلىكىدىكى پۈتۈن تۈركلەرنىڭ «تۈرك» دېگەن ئىسمىنى دۆلەت نامىدىن ئېلان قىلدى. ئۇ كۈندىن باشلاپ بۇرۇن تارىخ سەھنىسىدە ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك قوۋملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى بىلەن مەيدانغا چىقتى. «تۈرك» ئىسمى ئۇ كۈندىن تارتىپ، زامانىمىزغىچە ئومۇمىيلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. يەنى، كۆكتۈرك دەۋرىگىچە تارىخ سەھنىسىدە كېلىپ ـ كەتكەن تۈركلەر ئىچىدە تۈرك ئىسمى بىلەن ئاتالغانلار يوقتى. ئۇلار

ئۇيغۇر، هۇن، سىيانپى، جۇجان، تۇپا ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن تونۇلغانىدى. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى بۇئەسلى ۋە ئومۇمىي ئىسىملىرى ئاستىدا بىرلەشتى.

بۇمىن خان، جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، «ئىلخان» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى.(بۇقاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئونۋان) ئىلخان بۇمىن بايراق ئۈستىگە «بوز بۆرە بېشى» نىڭ رەسمىنى قويدى . چۈنكى ئوغۇز تۈرك ئەپسانەلىرىدىكى «ئالانقۇۋا» هېكايەسىگە كۆرە، ئوغۇز تۈركلىرى بوز بۆرىنى مۇقەددەس دەپ، ئېتىقاد قىلاتتى.كۆكتۈركلەر بولسا بوز بۆرىنى ئۇلۇغلاپ مەئبۇدلۇق (ئىلاهلىق) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئېتىقاد قىلاتتى. بوزبۆرە توغرىسىدا ئەرگىنەقۇن ئەپسانىسى ۋە موغۇل (موڭغۇل) هېكايىسى ئالانقۇۋادا بۇمەشهۇر رىۋايەتلەر زىكىر قىلىنىدۇ. ئىلخان بۇمىن 2 ـ 3 يىلدەك قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنى « بوزبۆرە باشلىق بايراق » ئاستىدا بىرلەشتۇردى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆكتۈرك ئىتتىپاقىغا قېتىلغانلىقى

ئىلخان بۇمىن، ئۆزىنى «قاغان» ئېلان قىلىپ، جەنۇبقا قاچقان جۇجانلارنى يوقاتماق ئۈچۈن، ئوغلى مۇقان خاننى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يوللىدى. مۇقان خان، جۇجانلارنى قوغلاپ يوقىتىپ، مىلادى 555ـ يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسمىنى ئىشغال قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن شەرقتەكورىيە، غەربدە خەزەر دېڭىزىغىچە سوزۇلغان پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنى كۆكتۈرك هاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆكتۈرك دۆلىتى ناهايىتى كۈچلۈك بىر ئىمپېراتورلۇق بولۇپ قالدى. چىن تارىخلىرىدا ۋە چىن تارىخلىرىنى مەنبە قىلىپ، يېزىلغان زامانىۋى تارىخلاردا بۇ دۆلەتنى تۈجۈپې ۋەيا تۈچۆ دەپ يازىدۇ. بۇ، ئۆز تىلىدىن باشقا تىللاردىكى سۆزلەرنى بۇزماستىن تەلەپپۇز قىلالمايدىغان چىنلىقلارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزنى بۇزۇپ ئېيتىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇمىن قاغان، ئىنىسى ئىستىمى(ئىستېمى) خاننى غەرپ تەرەپتىكى خانلىقلارغا ئومۇمىي ۋالىي قىلدى ۋە «يابغۇ» ئۇنۋانىنى بەردى . بۇ ئۇنۋان قەدىمكى تۈركلەردە قاغاندىن قالسا ئۈچىنچى دەرىجىدىكى ئۇنۋان بولۇپ هېساپلىنىدۇ. يابغۇنىڭ مەركىزى تالاس شەهرىدە ئىدى. دۆلەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرق قىسمى بىۋاستە قاغانغا قارايتتى. غەرب قىسمى بولسا يابغۇنىڭ قارىمىغىدا ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋە بارىكۆل خانلىقلىرى شەرقىي قىسمىغا تەۋە بولۇپ، باشقا جايلىرى غەربكە قارايتتى.

## مۇقان قاغاننىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى

بۇمىن قاغان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا ئىنىسى قاغان بولدى. لېكىن، بىر يىل ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇمىن قاغاننىڭ ئوغلى مۇقان خان قاغانلىق تەختىگە چىقتى. مۇقانخاننى چىن تارىخلىرىدا «مۇخو» دەپ يازىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مۇقان خاننى بەزى زامانىۋى تارىخ كىتابلىرىدا «دىزابول» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئەرەب تارىخچىلىرى «سەيجىبۇر» دەپ يازىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، بۇ ئىككى ئاتالغۇ غەرب يابغۇسى ئىستەمى خاننىڭ ئىسمىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «يابغۇئىستەمى خان» دېمەكتۇر، مۇقان خان ئەمەس. ئىستەمى خان داۋاملىق غەربدە تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ شۆھرىتى غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا غا تونۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ زاماندىكى ياۋروپا ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ بىرقىسمى، ئىستەمى خاننى كۆكتۈرك قاغانى(دىزابۇل ۋە يا سەيجىبۇر) دەپ خاتا خىيال قىلغان. بۇلارغا ئەگىشىپ، يەنە بەزىلىرى بۇئىككى ئىسمنى مۇقان خاننىڭ ئىسمى دەپ ئىككىنچى بىرخاتاغا چۈشمەكتە.

كۆكتۈرك دەۋرىدە، شىمالىي چىندە توبا(ۋېي) جەنۇبىي چىندە جوۋ ئىمپېراتورلۇقى بارئىدى. مۇقان خان قاغانلىق تەختىگە چىققاندا، بۇ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، كۆكتۈرك دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. مۇقانخان بۇ ئىككىسىنىمۇ مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار باج ـ سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن كۆكتورك دۆلىتىگە بويسۇندى. ئىمپېراتورنىڭ قىزىنى مۇقانخان نىكاھىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن قاغانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە تىنچلىق ئورنىتىلدى.

مىلادىنىڭ 563 ـ يىلى ئىران شاھى نۇشىرۋان مۇقانخان قاغانىغا ئەلچى يوللاپ، يەفتىللەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى ۋە بىتىمنامە ئىمزالاشتى . بۇ بىتىمنامىگە ئاساسەن قاغاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يابغۇ ئىستەمى خان مىلادى 565 ـ يىلى شەرقتىن، نۇشىرۋان غەربىدىن يەفتىللەرگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى. مىلادى 567 ـ يىلى يەفتىللەرخانى، ئىستەمى خان تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي يەفتىل دۆلىتى يىقىلدى. يەفتىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپا تەرەپلىرىگە قاچتى. ئىستەمى خان بىلەن نۇشىرۋان يەفتىللەرنىڭ تۇپراقلىرىنى ئۆز ئىچىدە تەقسىم قىلىشىۋالدى. ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسى ئوتتۇرىدا چېگرا قىلىپ بەلگىلەندى. كېيىنچە، مۇقانخان قاغان بىلەن نۇشىرۋاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلدى. نۇشىرۋاننىڭ رىم ئىمپېراتورى بىلەن داۋاملىق يۈز بىرىپ كەلگەن توقۇنۇشلىرىدىن پايدىلانغان مۇقان قاغان، يابغۇ ئىستەمى خاننىڭ قوماندانلىقىدا ئىرانغا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئىستەمى خان ئۆگۈزدەرياسىدىن ئۆتۈپ نۇشىرۋاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. باكتىر(بەلخ)، تاخارىستان (قەتەغەن ۋە بەدەخشان) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ۋولگا دىن قىرىم يېرىم ئارىلىغىچە سوزۇلغان يەرلەرنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن

كۆكتۈرك دۆلىتى، مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي ۋە سىياسىي كۈچكە ئىگە بىر دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. (9 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

كېيىنچە، نۇشىرۋان بىلەن مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ، ئىستىمى خاننىڭ قىزى بىلەن نۇشىرۋان ئۆيلەندى. بۇ تۇغقانچىلىقنى نۇشىرۋان ئۆزىگە چوڭ بىر شەرەپ دەپ ھېساپلىغانلىقى ئىران تارىخلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مىلادى 568 ـ يىلى مۇقان قاغان نامىدىن يابغۇ ئىستىمى خان رىم (بىزانس ـ بىزانتىيە) ئىمپېراتورى جوستىنىيانۇس (جۇستىنۇس) قا مانىئاق تەرخان نى ئەلچى قىلىپ يوللىدى ۋە ئۆز ئارا تىجارەت كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. رىم ئىمپېراتورى جۇستىنۇس زىمارك (زىمارخ) دېگەن ئەلچىسىنى مۇقانخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى.

مىلادى 570 ـ يىلى مۇقانخاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىغا رۇم، ئىران ۋە چىن ئەلچىلىرىنىڭ ھازىر بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. كېيىنچە مۇقان قاغان تاغىما تەرخاننى رىم ئىمپېراتورلۇقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. نۇشىرۋاننىڭ مۇقان قاغاننىڭ ئەلچىلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقە يۈز بېرىپ، مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئوتتۇرىدا ئۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە، كۆكتۈركلەر باكتىر ۋە تاخارىستاننى تارتىۋالدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسساڭامنىڭ تۇغۇلغانلىرى مىلادى 570 ـ يىلى بولۇپ، بۇ مۇقان خان زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇقان قاغان مىلادى 572 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى دۇپۇخان قاغان بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر دىن بىرى رىم ئىمپېراتورلۇقى بىلەن بولغان ئۇرۇش ئىدى. رۇم ئىمپېراتورلۇقىغا تۇتاش بولغان شەرقىي ياۋروپاغا يەرلەشكەن ئاۋارا تۈركلىرى كۆكتۈرك دۆلىتىگە قېتىلماي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، كۆكتۈركلەربىلەن دۈشمەنلىك مەيدانىدا تۇراتتى. رىم ئىمپېراتورى ئاۋارا لار بىلەن سودا ـ تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنى كۆكتۈركلەر، تۈرك ـ رىم دوستلۇق كېلىشىمىگە خىلاپ دەپ تونۇپ، رىملارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بوقاخان قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 575 ـ يىلى ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قىرىمغا ھۇجۇم قىلدى. رىم ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قىرىم يېرىم ئارىلى ۋە بوسفۇر قەلئەسىنى ئېلىپ خەرسۇن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇپۇ قاغان زامانىسىدا كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تېخىمۇ كېڭەيدى (9 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

## كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

مىلادى581 ـ يىلى، دۇپۇقاغان ۋاپات قىلىپ، ئورنىغا ئىسپىراخ (ئىشبارا) ئىسىملىك بىر شاھزادە قاغان بولدى. ئىشبارا قاغان ئىلگىرىكى قاغانلاردەك قابىلىيەتلىك ئەمەستى. بۇ ئارىدا ئىستىمى يابغۇمۇ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئورنىغا ئوغلى تاردۇخان (تاردۇشخان) يابغۇ بولدى. قاغانىنىڭ لىياقەتسىزلىكىدىن يابغۇ بىلەن قاغان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، يابغۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 582 ـ يىلىدە غەربىي ۋە شەرقىي قاغانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قاغانلىق كېلىپ چىقتى.

## كۆكتۈرك دۆلىتىدە چىن خىيانەتكارلىقى نەتىجىسىدە يۈزبەرگەن ھادىسىلەر

چىن ئىمپېراتورى ئىچكى زىددىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقان، تۈرك دۆلەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتى بىلەن مەخپىي ھالدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئاغدۇرمىچىلىق ۋە سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىدىن مۇھىملىرىنى چىن مەنبەلىرىدىن ئېلىپ ئۆگىنەيلى:

(1) چىن ئىمپېراتورىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ۋە سۇيىقەستكە ئىنتايىن ئۇستا فىڭگۇ (فېي جۇ) ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بۇ ۋەزىر ئالدى بىلەن ھەر ئىككى قاغان بىلەن ناھايىتى سەمىمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىتنە ـ ئىغۋا تېرىپ جىددى ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى قاغان ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئەمما، كېيىنچە ئىتتىپاقلاشتى ۋە چىننىڭ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىدى. (2 ) فېي جۇ يەنە جىم تۇرماستىن ھەرئىككى قاغانلىققا تەۋە بولغان كۈچلۈك قەبىلىلەر ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ھەدەپ قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. ئاخىرى غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقىغا تەۋە «تۇلۇ» قەبىلىسى تاردۇش قاغىنىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. بۇ قەبىلە ئېھتىمال، ھازىرقى قالماقلارنىڭ نەسلى بولۇشى كېرەك. بۇلار شۇچاغلاردىكى كۆچمەن تۈرك قەبىلىلەرئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈكلىرى بولغىنى ئىدى. تاردۇش قاغان بۇ ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشتى. لېكىن مىلادى 603 ـ يىلى ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، ھېچ يەردە تۇرالماي، تىبەت خانى يېنىدا پانا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى بىرقانچە يىل قاغانسىز قېلىپ، ئېغىر پاراكەندىچىلىك تارتىپ تولا قان تۆكۈلدى. مىلادى 610 ـ يىلى غەربىي كۆكتۈرك جەمەتىدىن شىخۇي (شەكۈي) ئىسىملىك بىر زات قاغانلىق تەختىگە چىقىپ، ئىسيانچىلارنى تامامەن بېسىقتۇردى. يۇرتنى تىنجىتىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى مىلادى 623 ـ يىلىغىچە، تىنچ ۋە قۇدرەتلىك بىر ۋەزىيەتتە ئىدارە قىلدى.

## شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى ۋە چىن

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنى، بۇ دۆلەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلگەن چىن ئىمپېراتورى، قاغانلار ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكە خېنىملار ۋە ئۇلارنىڭ چىنلىق خىزمەتكارلىرى ۋاستىسى بىلەن، مۇمكىن بولغان ھەرخىل ئاغدۇرمىچىلىق ۋە پىتنە - پاسات تېرىشقا ئوخشاش خىيانەتكارلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل خىيانەتكارلىقنىڭ ئاساسى، قاغانلىقتىكى شاھزادىلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، بىر - بىرىگە قارشى تۇرغۇزۇش ۋە قاغانلىق تەۋەسىدىكى باشقا كۈچلۈك خانلىقلارنى ۋە قەبىلىلەرنى قاغانغا قارشى ئىسيانغا كۈشكۈرتۈشتىن ئىبارەت ئىدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى تۈرك دۆلىتى داۋاملىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولغانلىقتىن چىن ئىمپېراتورى بۇلارنى ئەمدى ئاجىزلاشتى دەپ ئويلىدى ۋە ئىمپېراتور سۈي - ياڭدى مىلادى 615 - يىلى، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قولىدىكى شەنشى ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، ئۇلار تېخى خېلى كۈچلۈك ئىدى ۋە سۈي ياڭدىنىڭ ئەسكەرلىرى شەنشىگە كىرەر - كىرمەس ئالدىدىن توسۇپ، قاتتىق زەربە بېرىپ، مەغلۇپ قىلدى. سۈي ياڭدى قىلىچتىن ئېشىپ قالغان ئاز غىنە ئەسكىرى بىلەن بىر سېپىلگە كىرىپ ساقلاندى. تۈركلەر بۇ سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالدى. سۈي ياڭدى ئىككى ئاي مۇھاسىرىدە قالدى. ئاخىرى بىر ھىلە- مىكىر ئىشلىتىپ قېچىپ قۇتۇلدى. شۇ قاچقان پېتى ھېچ يەردە توختىماي، جېنىنى قۇتقۇزۇپ، كۆك دەريا بويىدىكى ياڭجۇ شەھىرىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كۆك دەرياسىغىچە بولغان يېرى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. شەرقىي كۆكتۈرك قاغانى، شۇ چاغدىكى شەنشى ۋالىيسى بولغان لى يوئاننى شىمالىي چىنگە ئىمپېراتور قىلىپ، چاڭئەن شەھىرىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى[26]. لى يوئان داھى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ شىمالىي چىننى تولۇق ئىنتىزامغا كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي چىننىڭ ئاجىزلىشىپ قالغان ئىمپېراتورى جوۋ سۇلالىسىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىرقانچە يىل ئىچىدە جەنۇبىي چىن ئىمپېراتورلۇقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن چىنگە ئۆزىنى ئىمپېراتور ئېلان قىلدى. خاندانىغا «تاڭ - سۇلالىسى» دېگەن نامنى بەردى. لى يۈن يۇقىرىقىدەك شان - شەۋكەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، يەنىلا شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە باج - سېلىقنى كام قىلماي، ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرغاندى. مىلادى 620 - يىلىغا كەلگەندە لى يۈن كۈچىگە ئىشىنىپ، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. قاغان دەرھال چىنگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، لى يۈنگە بىرقانچە قېتىم ئېغىر زەربە بەردى. ئاخىرى لى يۈن مەغلۇپ بولدى، ئاۋالقىدەك تەۋە بولۇپ باج سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەپ، قاغانغا ۋاپادار بولۇشقا ۋەدە قىلىپ، جېنىنى ۋە يۇرتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ يىلى شەرقىي كۆكتۈرك قاغانى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ

26 ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، لى يوئەن «لى يەن» (ت. ئالماس 204 - بەت)، «لى يۈن» (بايتۇر 30 - بەت) دەپ ئېلىنماقتا.

ئۈرنىغا ھىلى (ئىل ياكى ئىلىگ) ئىسىملىك بىر شاھزادە قاغان بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا دۆلەت تازا كۈچلەندى. لى يۈن مىلادى 624 ـ يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئوغلى «تاڭ تەيزۇڭ» ئىمپېراتور بولۇپ، دەرھال مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە قاغانىغا بېرىدىغان باج ـ سېلىقنى توختاتتى . نەتىجىدە، تۈرك ۋە چىن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. ئىل قاغان نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ، چىنگە ھۇجۇم قىلدى. چىن ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدامەغلۇپ بولدى. تۈركلەر چاڭئەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. تاڭ تەيزۇڭ، بۇرۇنقىدىن بىرقانچە ھەسسەكۆپ باج ـ سېلىق ۋە قاغانىغا داۋاملىق بويسۇنىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، سۈلھى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تامامەن قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشتىنى ساقلاپ قالدى.

## غەربىي ئاسىيادا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقى

تۈرك ۋە چىن يۇرتلىرىدا، يەنى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا يۇقىرىقى ۋەقەلەر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە غەربىي ئاسىيا (ئەرەبىستان) دا، پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام نۇرىنىڭ يېيىلىش دەۋرى باشلانغانىدى. يەنى، مىلادى 610 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ، ۋەھيى نازىل بولدى ۋە مىلادى 622 ـ يىلى 22 ـ سىنتەبىر كۈنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا يېڭى بىر تارىخ، يەنى، ھىجرى تارىخى دەۋرى باشلاندى. بىز بۇنىدىن كېيىن مەۋزۇلىرىمىزدا ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلۇغلىنىپ، ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ «قەمەرى ھىجرى» تارىخنى بىرلىكتە يازىمىز.

## شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

چىن ئىمپېراتورى تاڭ تەيزۇڭ، مىلادى 622 ـ يىلىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن ئاشكارا قوراللىق كۈرەش قىلىش سىياستىنى تاشلاپ، چىننىڭ بۇرۇنقى سىياستى بولغان مۇناپىقلىق ۋە يوشۇرۇن ئاغدۇرمىچىلىق سىياستىنى يولغا قويدى. پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، قاغان شاھزادىلىرىنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلدى ۋە قاغانىغا تەۋە بولغان بەزى قەبىلىلەرنى قاغانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. نەتىجىدە، تۇلۇ قەبىلىسى ئىسيان كۆتەردى. ئىل (ئىلىگ) قاغان باشقا بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان تولىخان (تولىش خان) نى بۇ ئىسياننى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. تولىش خان ئىسيانچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلسە، قاغان ئۇنى خائىنلىق قىلدى دەپ گۇمان قىلىپ، جازالىدى. بۇنى ئاڭلىغان تاڭ تەيزۇڭ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، تولىش خاننى قاغانىغا قارشى قۇترىتىشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇلار تەسىر قىلىپ، تولىش خان قاغانىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى ۋە تاڭ تەيزۇڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت دەپ بىلگەن تاڭ تەيزۇڭ،كۈچىنىڭ يېتىشىچە كۆپ چىن ئەسكىرى توپلاپ، تولىش خان ۋە تۇلۇ قەبىلىسىدەك ئاسىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى

قوماندان بولۇپ، تۈرك يۇرتىغا ھۇجۇم قىلدى. ھىجرىنىڭ 9 ـ ( مىلاى 630 ـ) يىلى دۈشمەن قوشۇنلىرى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان قاراقۇرۇم شەھرىنى ئىشغال قىلدى. ئىلىگ قاغان ئەسىر ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلدى. چىنگە ياردەمچى بولغان يۇقىرىقى خائىنلارمۇ چىن خىزمەتكارى ۋە ئەركىنلىكى بولمىغان رەزىل قۇللاردىن بولۇپ ياشىدى.

## غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە ئىچكى ئۇرۇش ۋە چىن تاجاۋۇزى

شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، چىنلىقلارغەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدىمۇ پىتنە ـ پاسات تېرىش ۋە تۈرك دۆلىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ھىجرىنىڭ 12 ـ (مىلادى 633 ـ) يىلى غەربىي كۆكتۈرك خانى كۈنخان ۋاپات بولدى ۋە ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش ماجىرالىرى باشلىدى. ئىككى ئوغلىدىن بىرسى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى بەش تۈرك قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، تالاس شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنى قاغان ئېلان قىلدى. يەنە بىر ئوغلى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىن بارىكۆلگىچە بولغان بەش تۈرك قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ يەرلەردە قاغانلىق دەۋاسى قىلغىلى باشلىدى. بۇ پىتنە ـ پاساتلارجەريانىدا شەرقىي تۈركىستانىڭ جەنۇبىدىكى قوجۇ ، كىنگىت ۋە ئالتى شەھەر خانلىقلىرى قاتارلىقلار بىتەرەپ بولۇپ، ھېچقايىسىسى قاغانغا تەۋە بولمىغانىدى. بۇ ۋەزىيەت ھىجرى 19 ـ(مىلادى 640 ـ) يىلىغىچە داۋام قىلدى. چىن ئىمپېراتورى تاڭ تەيزۇڭ، غەربدە بۇ پىتنە- پاساتلار نى تېخىمۇ ئۇلغايتىش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. تۈرك شاھزادىلارغا ۋە يۇرتنىڭ كاتتىلىرىغا يۇشۇرۇنچە سوغا ـ سالام يوللاپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقتا ئىدى. ئاخىرى تاڭ تەيزۇڭ مەركەزنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىغىلى باشلىدى. چىنگە چېگىرىداش بولغان قوجۇخانى قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ھىجرىنىڭ 19 ـ(مىلادنىڭ 640 ـ) يىلى قوجۇخانى مەغلۇپ بولۇپ، بۇ ئۆلكە چىنلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. چىنلىقلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كىنگىت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. كىنگىت (قاراشەھەر) خانى تۆت يىل قاتتىق  قارشى تۇرغان بولسىمۇ چىنلىقلار ئاخىرى ھىجرى 24 ـ (مىلادى 644 ـ) يىلى كىنگىتنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، نوۋەت كۇچاغا كەلدى.كۇچا خانىمۇ ئۇدا تۆت يىل ئۇرۇشۇپ، ھىجرى 28 ـ يىلى مەغلۇپ بولدى ۋە كۇچامۇ چىنلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

## غەربىي كۆكتۈرك قاغانىنىڭ ئىران شاھى يەزدىگەرد كەياردەم قىلىپ ئىسلام ئەرەب ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئىراننىڭ خېلى كۆپ جايلىرىنى پەتھى قىلغان ئىدى[27]. ھىجرىنىڭ 23 ـ (مىلادى 644) ـ يىلى ئىران ساسانى شاھلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان يەزدىگەرد مۇسۇلمانلاردىن مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تالاستىكى كۆكتۈرك قاغاندىن پانا تىلىدى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قاغان ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ياردەم قىلىپ، يولغا سالدى.

يەزدىگەرد قاغاننىڭ تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن كۈچلىنىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن توختىماستىن ئۇرۇشتى. ئاخىرى، مەرۋە شەھىرىگىچە قەدەر بولغان ئۆلكىلەرنى قايتۇرۇۋالدى. مەرۋە شەھىرى يېنىدا ئىسلام ئەمىرى ئەھنەف بىن قەيسنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسلامنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى بىلەن ئىنتايىن شىددەتلىك ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقان بىرچاغدا، چىنىنىڭ كىنگىتنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى كېلىپ، قاغاندىن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ دەرھال قايتىشىغا بۇيرۇق كەلدى ۋە بۇ بۇيرۇققا بىنائەن تۈرك ئەسكەرلىرى ئەھنەف بىن قەيس بىلەن ئۇرۇشماي قايتىپ كەتتى. ئىسلام تارىخىدا بۇ ھادىسىنى «جانابى آللە نىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان بىر نۇسرىتى، دەپ، تونۇيمىز» دەپ يازىدۇ. بۇ ئەرەب ۋە غەربىي كۆكتۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ يېڭىدىن كۈچلەنگەنلىكى

ھىجرىنىڭ 28 ـ (مىلادى 649 ـ) يىلى تۇن خان قاغاننىڭ ئوغۇللىرىدىن قۇلاخان ئۆزىگە قارشى چىققان پۈتۈن كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى ۋە تۈركىستاندىكى پۈتۈن چوڭ ـ كىچىك خان ۋە بەگلەرنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈردى. كۇچا، كىنگىت ۋە قوجۇ دىكى ئىشغالىيەتچى چىن قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، بۇ جايلارنى ئاسارەتتىن قۇتقازدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 650 ـ يىلىدا، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى يېڭىباشتىن كۈچلەندى.

[27] پەتھى كەلىمىسى، جىھاد كەلىمىسىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلاردىن يەرقولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى، تارىختىكى ۋە زامانىمىزدىكى ئىستىلا ۋە بىسىۋېلىش ئۇرۇشلىرىدىن پەرقلىندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىبنى مەنزۇر« فتح» 536 ـ 549ـ بەتكە قاراڭ ( ن. ش. ھ.).

## غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە تۈركىستاندا چىن ئىستىلاسى

غەربىي كۆكتۈرك قاغانى قۇلاخاننىڭ پۈتۈن تۈرك خانلىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن چىن ئىمپېراتورى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. تۈركلەرنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن مىڭبىر چارىلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرىدا، چىن دۆلىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرك دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يوقۇتۇش ياكى ھېچ بولمىغاندا كۈچلىنىپ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارارقىلدى.

ھىجرىنىڭ 35 ـ (مىلادى 656 ـ) يىلى چىننىڭ ئايال ئىمپېراتورى ۋۇزېتيەن غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىگەناھايىتى چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ئۈچ قولدىن ھۇجۇم باشلىدى. بىرىنچى قولدىن، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىرتىش دەرياسى بويىدىكى قارلۇق قاتارلىق تۈرك قەبىلىلەر بىلەن بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قارلۇقلار مەغلۇپ بولدى. ئىككىنچى قولدىن ھۇجۇم باشلىغان چىن ئەسكەرلىرى ئىمىل (بۆگۈنكى چۆچەك) كە ھۇجۇم قىلىپ، تارۇتاي تاغلىرى ئېتەكلىرىگە يېغىلغان تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۈچىنچى قولدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن چىن قوشۇنلىرى، قۇچۇنى بېسىۋالدى.كىنگىت (قاراشەھەر) يېقىنلىرىدا بىر يىل داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن تۈركلەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىجرىنىڭ 37 ـ (مىلادى 657 ـ) يىلى قۇلاخان ئەسىر ئېلىندى ۋە چىن پايتەختى چاڭئەنگە ئېلىپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ، چىنلىقلار تۈركىستاننى تولۇق ئىشغال قىلىپ كېتەلمىدى. تۈركلەر رەھبەرسىز قالسىمۇ، ئىككى يىل قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلدى. نەتىجىدە، چىن ئەسكەرلىرى بەك چارچاپ ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مانا بۇ چاغدا چىنلىقلار يەنە تۈركلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پارچىلاش كويىغا چۈشتى. تۈرك شاھزادىلىرىدىن بەزىلىرىگە «قاغانلىق» ۋەدە قىلىپ، سوغاسالام يوللاپ، ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن قاغانلىق تەختىگە چىقىشنى تەمە قىلىپ، بۇ ئەخمەق شاھزادىلار مۇداپىئە قىلىشتىن ۋازكەچتى. بەزىلەر ۋەنپەرۋەرلەر گە قارشى سەپكە ئۆتتى. يەنە بىرقىسىم يۇرت كاتتىلىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىمۇ تەمە خورلۇق ۋە ھەسەتخورلۇق قىلىپ چىنلىقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتىگە خىيانەت قىلدى. نەتىجىدە، تۈركلەر پارچىلىنىپ كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىلادى 659 ـ يىلى چىنلىقلار پۈتۈن تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى ۋە 107 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ بۈيۈك دۆلەت يىقىلدى. ئەمما، بۇ يىقىلىش ۋاقىتلىق بولۇپ، 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غايەت قۇدرەتلىك ۋە ئەزەمەتلىك بىر شەكىلدە يەنە قايتا تىرىلدى. بۇلارنى «قۇتلۇق تۈركەش دۆلىتى» بابىدا بايان قىلىمىز.

چىنلىقلار تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى خائىنلاردىن بىرىنى «غەربىي تۈركلەر ھاكىمى» قىلىپ، ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىن قىلدى. مانا، بۇ سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستان،

فەرغانە، سۇغد(سوغدىيانا، يەنى، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا) ئۆلكىلىرىدىكى يەرلىك خانلار چىنگە ھەريىلى نۇرغۇن مىقداردا باج - سېلىق تۆلەپ تەۋە بولۇپ جېنىنى ساقلاپ تۇرۇشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇربولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ لار، شەرقتىن كېلىدىغان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولۇپ، كۈچىنى غەربىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىسلام ئەرەب قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشكە قاراتتى.

ئۇندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرى بەدەخشان يولى بىلەن ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىلۇرىستان (ھازىرقى چەترال ۋە نۇرىستان) جىلغىلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، پىشاۋۇر يېقىنلىرىغا قەدەر ئىستىلا قىلدى. ئەمما، بۇجايلاردىكى ئىستىلالىرى ئۇزۇن يۇت تېرەپ تۇرالمىدى. چىن تارىخلىرىدىكى«بىز شىمالىي ھىندىستاننىمۇ ئىستىلا قىلغاندۇق» دېگەنلىرى مانا شۇ قىسقا مۇددەتلىك بىلۇرىستان ئىستىلاسىدىن ئىبارەتتۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا
## تىبەتلىكلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (630 -703) تىبەتتە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇلغانىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى گەنبو مىلادى 663 - يىلى كۇكو(ھازىرقى كۆكنۇر يەنى چىڭخەي) ئۆلكىسىدىكى تىنگۇت (تۇيۇھۇن - تانغۇت) ئىسىملىك تۈرك قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن تانغۇت خانى مەغلۇپ بولدى[28]. گەنبو بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇندى.

شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورى گەنبوغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا، ھىجرىنىڭ 50 - (مىلادى 670 -) يىلى چىن ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، پەرىشانلىق ئىچىدە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن گەنبو، كۇكودىن يۈرۈپ، ئالدى بىلەن چەرچەننى، ئۇندىن كېيىن ئۇدۇن (خوتەن)، يەركەن ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇقى ئالدىغا تۈركىستان مەسلىسىدە، ئەرەبلەردىن باشقا يېڭى بىر رەقابەتچى دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقتى. تىبەتلىكلەر قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ، مىلادى 692 - يىلغىچە داۋام قىلغان بۇ ئىستىلا جەريانىدا چىنلىقلار بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، نەتىجە ئالالمىدى. چۈنكى، سىياسى جەھەتتە تۈركىستان ئاھالىسى تىبەتلىكلەرنى چىنلىقلاردىن ياخشى كۆرۈپ، دايىم تىبەتلىكلەرگە ياردەم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىنلىقلار ھەربىر ھۇجۇملىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى. ئاخىرى مىلادىنىڭ 692 - يىلىغا كەلگەندە، چىنلىقلار غالىپ كېلىپ خوتەن، يەركەن ۋە قەشقەرنى تارتىۋالدى.

[28] بەزى تەتقىقاتچىلەر تانغۇتلارنىمۇ غەيرى تۈرك كاتېگورىيەدە كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ.).

9- پەسىل

# قۇتلۇق، تۈركەش دۆلەتلىرى ۋە كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تىرىلىشى

كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلىپ، چىن ئاسارىتىدە قالغان تۈركلەرگە بۇ ئاسارەت بەك ئېغىر كەلگەن. چىن ئىمپېراتورىدىن مەنسەپ ۋە سوغا - سالام ئالغان بەزى خائىن خانلار ۋە ئەمەلدارلار بۇ ۋەزىيەتتىن خوش بولسىمۇ، مىللەتپەرۋەرخەلق، چىندىن كەلگەن ھەر قانداق بىر نەرسىنى نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ قارشى چىقىپ، ئۆز مىللىي ئۆرپ - ئادەتگە ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىگە قەتئىي سادىق ئىدى. چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر زامان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە پۇرسەت كەلگەن ھامان چىنلىقلارغا قارشى چىقىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگىنىچە تىرىشماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرك يۇرتلىرىدا ھەر دائىم ئۇيەر - بۇيەردە ئىسيانلار كۆتۈرۈپلا تۇراتتى. ئاخىرى، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تۈركلەر چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى ۋە كۆكتۈرك دۆلىتى يېڭىباشتىن تىرىلدى.

## شەرقتە قۇتلۇق دۆلىتى

مىلادى 680 - 742 ، (ھىجرى 60 - 125)

ئورخون ئابىدىلىرىدىن«كۆلتېكىن ۋە تۇنيۇقۇق ئابىدە» لىرىدە يېزىلغىنىغا كۆرە،كۆكتۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئېتمىش بەگ ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇكىشى ئۆتۈكەن شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى تۈركلەرگە، چىن ئىمپېراتورىغا تەۋە سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئېتمىش بەگنىڭ ئوغلى ئېلتەرىش بەگ يېنىغا 17 كىشىلىك بىر قۇۋۋەت توپلاپ، ھىجرىنىڭ 60 - (مىلادى 680 -) يىلى تۇيۇقسىز ئۆتۈكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەردىكى چىنلىقلارنى تامامەن يوقىتىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغانلار شۇكۈنىلا 70 ئاتلىق كىشىگە يەتتى. قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە 700 ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ قەھرىمان، چىنلىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە پۈتۈن تۈرك مىللىتىنى چىنگە قارشى ئىنقىلابقا قاتنىشىشقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي موغۇلىستاندىكى پۈتۈن تۈركلەر، ئېلتەرىش بەگنىڭ مۇستەقىللىق بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى ۋە ئېلتەرىش بەگكە «ئىدات شات» دېگەن ئۇنۋاننى بەردىلەر.(بۇ شاھزادىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان ئىدى) مىلادى 682 - يىلى ئېلتەرىش بەگ ئىدات شات، پۈتۈن موغۇلىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ تۈرك ئىستىقلالىنى ئېلان قىلدى. مىللەت ئېلتەرىش بەگ ئىداتشاتنى قاغان سايلىدى. چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا بۇقاغاننىڭ ئۇنۋانى «قوتلۇق» ئىكەن. بۇ مۇبارەك پادىشا دېگەنلىكتۇر. لېكىن، ئورخون مەڭگۈ تاشقا يېزىلغان خەتلەردە بۇ ئۇنۋان زىكىرقىلىنماي، ئىسمى

ئېلتەرىش قاغان ۋە دۆلتى، تۈرك دۆلتى دەپ يېزىلغان. مانا شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي كۆكتۈرك دۆلتى قايتا تىرىلدى. ئېلتەرىش قاغان (قۇتلۇق قاغان) ھىجرى 72۔ (مىلادى691) ۔ يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئىنىسى قاپاغان خان قاغانلىق تەختىگە چىقتى. چىن تارىخچىلىرى بۇقاغاننىڭ ئىسمىنى موچۇ(بو گۇچۇر) دەپ يازىدۇ. قاپاغان قاغان شەرقتە مۇھىم غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مانجۇرىيە ۋە كورىيە قاتارلىق يۇرتلارنى ئىشغال قىلدى. (10 ۔ خەرىتىگە قاراڭ)

## غەربدە تۈركەش دۆلتى

ھىجرى 71 ۔ 122 (مىلادى 690 ۔ 739)

چىنلىقلارخاتا تەلەپپۇزقىلىپ، «تۈكىشى» دەپ ئاتايدىغان تۈركەشلەر، تەڭرى تاغىنىڭ شىمالىدا كۆكتۈرك ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان، ئون چوڭ قەبىلىدىن بىرى ئىدى. بۇلار مىلادى 7 ۔ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇبۇل ۋە ئېرتىش دەريالىرى بويىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان. كېيىنچە، ئۇ يەردىن كۆچۈپ، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىگە يەرلەشتى. (11 ۔ خەرىتىگە قاراڭ) كۆكتۈرك دۆلتى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ ئون قەبىلە، ئۆز ئىچىدە داۋاملىق تىركىشىپ ۔ توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. نەتىجىدە، چىننىڭ بۇ جايلاردىكى ئىشغالىيىتى كۆپۈنچە قىسقا سۈرگەن. ئاخىرى تۈركەش قەبىلىسىدىن ئىسمى ئۆچىئالا[29] ئۆنۆانى «باغاتەرقان» بولغان خانى بارغانسېرى كۈچلىنىپ، ئەتراپىدا چوڭ نۇپۇز پەيدا قىلدى ۋە ھىجرى 71 ۔ (مىلادى 690 ۔) يىلى، پۈتۈن ئون قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى. «چىن ئىمپېراتورنىڭ ياردەمچىسى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن غەربدىكى تۈركلەرگە ھۆكۈمران بولغان قوشالۇ (بۇ نى چىن تارىخلىرىدا، «ئاشناھىن»، «ئاشنا» دەپ ئاتايدۇ) نى مەغلۇپ قىلىپ چىنگە ھەيدىۋەتتى.

ئۆچىئالا باغاتەرقاننىڭ پايتەختى ئىككى جايدا بولۇپ، بىرى بەش قەبىلىنىڭ مەركىزى بولغان توقماق شەھىرى، يەنە بىرى ئىلىنىڭ شىمالىدىكى يەتتە سۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆچىئالا باغاتەرقان، غەربدە ئىنجە دەرياسى، جەنۇبدا تەڭرىتاغلىرى، شەرقتە بارىكۆل ۋە شىمالدا، قىرغىز يايلاقلىرى ئارىسىدىكى كەڭ زېمىندە، بىر تۈرك دۆلتى قۇرۇپ چىقىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلتىنى تىرىلدۈردى. بۇ چاغدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن، قۇجۇ، روران، كىنگىت، كوچا ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلار چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قەشقەر، يەركەن ۋە ئۇدۇن ، تىبەتلىكلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغانىدى. فەرغانە ۋە سوغد خانلىقلىرى بولسا، چىنگە باج تۆلەپ، ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشىماقتا ئىدى. ( 11 ۔ خەرىتىگە قاراڭ) ئۆچىئالا باغاتارقان، جەنۇبدىكى بۇ تۈرك يۇرتلىرىدىن ئالدى بىلەن چىن ۋە ئۇندىن كېيىن تىبەت ئىستىلاسىنى يوقىتىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلتىنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بارلىق جايلارنى بىر تۈرك بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان بىر سىياسى پىلان

[29] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «ئۇجۇلا باغاتارقان» دەپ ئىلىنىدۇ. ئە. بايتۇر، 361 ۔ بەت ( ن. ش. ھ.).

تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان بويىچە، ئالدى بىلەن غەربدىكى ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە جەنۇبدىكى تىبەتلىكلەربىلەن بىرلىشىپ، چىنلىقلارنى پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقارماق، ئۇندىن كېيىن ئەرەبلەرنى تۈرك يۇرتىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۆچئالا باغاتەرقان بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ، ئىسلام ئەسكەر لىرى ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، چىنگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. لېكىن، بۇ غەيرەت ۋە كۈچ بىرلىكى بىلەنمۇ ئۇچاغدىكى چىننىڭ زوركۈچىنى يېڭەلمىدى. شۇنداقىمۇ، بۇ ئۇچ كۈچ ، ئوتتۇرىسدا قالغان چىن ئۆز تەۋەسنى ئاران قوغداپ تۈركەش، ئەرەب ۋە تىبەتلىكلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

## قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركەش دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، غەربدىن ئەرەب - ئىسلام ئەسكەرلىرى، شەرقتىن چىنلار ۋە جەنۇبدىن تىبەتلىكلەرنىڭ داۋاملىق تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان قاپاغان قاغان، تۈركەش ۋە باشقا غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان پۈتۈن تۈركلەرنى قول ئاستىغا ئېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئاخىرى ھىجرىنىڭ 79 -(مىلادى699) - يىلى قاپاغان قاغان تۈركەش دۆلىتىنى بېسىۋالدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىغىپ قەدىمكى تۈرك دۆلىتىگە ئوخشاش بىر دۆلەت شەكلى بىلەن ھاكىمىيەت باشلىدى. غەربىي تۈرك خانلىرىغا ئوغلىنى «يابغۇ» قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆچئالاباغاتارقان، قاپاغان قاغاننىڭ ئالى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بويسۇنۇپ، ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.(10 - خەرىتىگە قاراڭ)

بۇلاردىن بىر يىل بۇرۇن (مىلادى 698 - يىلى) قاپاغان قاغان چىنگە ھۇجۇم قىلىپ، پىچىلى ۋە شەنشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ چىن ئىمپېراتورىنى باج - سېلىق تۆلەپ، قۇتلۇق دۆلىتىگە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر قىلغاندى. مىلادى 700 - يىلى قاپاغان قاغان ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئوغلى «كۈلتېگىن» نى پەرغانە ۋە سۇغد ۋە تاخارىستان (قەتەغەن ۋە بەدخشان) دىكى تۈرك خانلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرىگە ئەۋەتتى. كۈلتېگىن بۇجايلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئېلىپ، ئومۇمىي ۋالىي سۈپىتى بىلەن غەربىي تۈركىستاندا يەرلىشىپ، ئەرەب - ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھازىرلاندى.

## تۈرك قۇتلۇق دۆلىتى بىلەن ئىسلام ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر

بۇ پەسلىمىزدە ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ تۈرك يۇرتلىرىدىكى غەلىبىلىرى ۋە بۇ ئارىدىكى

ئۇرۇشلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلىمىز:

دەسلەپتە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا ئىران شاھىنى«نىھاۋەند» ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خوراسان ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئۈستىدە ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى باشلىدى[30]. ھەزرىتى ئۇسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، كۆپچىلىك ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان خوراسان، ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھىجرى 32 ـ (مىلادى653 ـ) يىلى، خوراسان ۋالىسى ئەھنەف بىن قەيس باشچىلىغىدىكى ئەرەب ئىسلام قوشۇنى، شەرققە قاراپ يۈرۈش باشلىدى. ۋە بەلخ شەھىرىنى پەتھى قىلدى. ئۇندىن كېيىن، تۆۋەن تاخارىستان (قەتەغەن) ۋە يۇقىرى تاخارىستان (بەدەخشان) دىكى تۈرك خانلىقلىرى ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جايدىكى تۈركلەر قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. «جىزيە» بەرمەك شەرتى بىلەن بويسۇنۇپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھنەف ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. كېيىن، ئەھنەف يەنە، خارەزمدىكى تۈرك خانلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئوسمان زامانىسىدا، ئىسلام ئەرەب ئەسكەرلىرى ئۆگۈز دەريا بويىغا كېلىپ توختىغان. ھىجرىنىڭ 80 ـ يىلىغىچە ئەرەب ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش يۈز بەرمىدى. تاخارىستان خانلىرى مۇستەقىل بولۇپ ياشىدى. تۆۋەندە ئابدىلمەلىك زامانىسىدىن باشلاپ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان غازاتلار ۋە مەشھۇر ئەرەب قوماندانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىمىز.

## مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە ۋە
## قۇتەيبەبىن مۇسلىم

ئابدىلمەلىكنىڭ ئىراقتىكى ۋالىيسى مەشھۇر«ھۇججاج زالىم» ئەينى زاماندا خوراساننىڭمۇ ۋالىيسى ئىدى. ھۇججاجنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھۇججاج ئۇنى خۇراسانغا ۋالىي تەيىنلەپ تاخارىستان ۋە سوغد دىكى تۈرك خانلىرى ئۈستىگە غازات يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مۇھەللەب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھىجرىنىڭ 80 ـ يىلى بەلخكە كېلىپ ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە دەريا بويىدىكى كەش قەلئەسىنى پەتھى قىلدى. ئارقىسىدىن سوغد ئۆلكىسىدىكى بۇخاراخانى ۋە خىتلان (قاراتېكىن) خانى بىلەن ئىككى يىل ئۇرۇشۇپ، نەتىجە ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى تۈركلەر ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئەرەبلەرنى تازا قىستاققا ئالدى. خەتەرلىك بىرئەھۋالدا قالغان مۇھەللەب پۈتۈن

[30] نىھاۋەند ئۇرۇشى، ھىجرىنىڭ 22 ـ (مىلادى 643 ـ642 ـ) يىلى. تولۇق مەلۇمات ئۈچۈن مۇئەللىپنىڭ تۈركچە ئەسەرى Tűrk Yurdlarında Arab - İslam Futuhatları sayfa 21 گە قاراڭ (ن. ش. ھ).

ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، مەرۋىگە قايتىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى يەزىدبىن مۇهەللەب ۋە ئۇندىن كېيىن، مۇپەسسەل بىن مۇهەللەب خوراسان ۋالىسى بولدى. بۇلارمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار قىلغان بولسىمۇ، هېچ قانداق فۇتۇهات (پەتهىلار) قولغا كەلتۈرەلمىدى. هىجرىنىڭ 86 ـ يىلى هۇججاج خوراسانغا قۇتەيبەبىن مۇسلىم ئىسىملىك قوماندانىنى ۋالىي قىلدى. قۇتەيبە، خوراساننىڭ مەركىزى مەرۋىگە كېلىپلا تاخارىستانغا يۈرۈش قىلدى. تۆۋەن تاخارىستاندىكى بىرخانلىقنىڭ پايتەختى بولغان تالقان شەهرىنى ئالدى. ئۇچاغدا، تاخارىستاندا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان تۆت خانلىق بار ئىدى. قۇتەيبە بۇلارنىڭ ئىچكى ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇلاردىن ساغنىيان (هازىرقى شىغنان) خانىنى ئۇرۇشمايلا بويسۇندۇردى. قالغان ئۈچ خانىنى، ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، جىزيە[31] بەرمەك شەرتى بىلەن ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قۇتەيبە، تاخارىستاندا يېتەرلىك ساندا ئەسكەر قويۇپ، مەرۋىگە قايتتى. هىجرىنىڭ 87 ـ يىلى قۇتەيبە بەلخ شەهرىگە كەلدى ۋە ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ بايكەند شەهرىگە هۇجۇم قىلدى. تۈركلەر قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى. هەتتا قۇتەيبە باشلىق پۈتۈن ئىسلام ئەسكەرلىرىنى ئىككى ئاي مۇهاسىرىگە ئالدى. هۇججاج بىلەن قۇتەيبە ئارىسىدىكى ئالاقىمۇ ئۈزۈلدى. شۇنداق بىر پەيتتە بىركېچە ئەرەبلەر مۇهاسىرىنى يېرىپ چىقىپ، تۈركلەرگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. خەۋەرسىز هالدا غاپىل ياتقان تۈركلەر بۇ زەربىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەهەرگە كىرىۋالماق ئۈچۈن، ئارقىغا ياندى. لېكىن، بىر بۆلۈك ئىسلام ئەسكەرلىرى، تۈركلەر بىلەن شەهەر ئوتتۇرىسىدىكى يولنى توسۇۋالغانلىقتىن، شەهەرگە كىرەلمەي پاراكەندە بولۇپ هەرتەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئازراق قىسمى شەهەرگەكىرىۋالالىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرىنى يىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرمەغلۇپ، بولۇشلىرىنى بىلىپ، قۇتەيبە بىلەن سۇلهى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇتەيبە تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن تۈركلەرنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىككە ماقۇل بولۇپ سۇلهى قىلدى. ۋە مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى بايكەنتكە ۋالىي قىلىپ، ئۆزى مەرۋىگە قايتتى. قۇتەيبە كەتكەندىن كېيىن، شەهەردە ئىسيان چىقتى. هاكىم ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇتەيبە كېلىپ، هادىسىنىڭ سەۋەبىنى ۋە جاۋابكارلارنى سۈرۈشتۈرمەستىن، بايكەنت خەلقىنى قەتلىئام قىلدى. خەلقنىڭ پۈتۈن نەرسە كېرەكلىرىنى ئولجىغا ئېلىپ، شەهەرگە ئوت قويۇپ تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سوغد خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاۋات، باي ۋە چىرايلىق شەهەرى بايكەنت يوق بولدى . قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغان، غەربىدىكى تۈرك يۇرتلىرىغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن كۆلتېگىن، بۇچاغقىچە مۇهەللەب ۋە قۇتەيبەدىن مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشماي، تاخارىستان ۋە سوغد خانلىرى ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. بايكەنتتىكى دەهشەتلىك قەتلىئام ۋە شەهەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن كېيىن، كۆلتېگىن ئەرەبلەرگە قارشى مۇداپىئە

[31] جىزيە، مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان مەخسۇس باج (ن. ش. ه.).

ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پەرغانە ۋە سوغدىكى پۈتۈن تۈرك كۆچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇتەيبە، ئىشغال قىلغان پۈتۈن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تەرمىزنى مەركەز قىلىپ، يەرلەشتى. ھىجرىنىڭ 88 ـ (مىلادى707 ـ) يىلى قۇتەيبە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سوغدىغا ھۇجۇم قىلدى. كۆلتېگىن بىلەن تەرمىز يېقىنلىرىدا قاتتىق تۇتۇشتى. نەتىجىدە، مەغلۇپ بولغان قۇتەيبە بەلخىتمۇ تۇرالماي قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، مەرۋىگە كەتتى. ھىجرىنىڭ 89 ـ يىلى يەنە بىرقېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھىردىن ئۇمىدىنى ئۈزدى ۋە ھۇججاجغا تۈركلەرنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە ئۇزۇن خەت يازدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ خەرىتىسىنى يوللاپ: «ئەگەر بىز يەنىلا، تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق، ئەرەب ئەسكەرلىرى تامامەن يوق بولىدۇ» دەپ يازدى. بۇنى كۆرگەن ھۇججاج قۇتەيبىگە مالامەت قىلىپ، يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنى غەيرەتلەندۇرۇپ خەت يازدى ۋە نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ ياردەمگە ئەۋەتتى. ئىراندىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنى جىھاتقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمگە ئېرىشتى. بۇقۇۋۋەت بىلەن قۇتەيبە، ھىجرىنىڭ 90 ـ (مىلادى 709ـ) يىلى بۇخارا غا يۈرۈش قىلدى. كۆلتېگىن بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ۋە پەرغانە بىلەن سوغد ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. قۇتەيبە بۇرۇن كېلىپ، بۇخارانى مۇھاسىرىگە ئالغان ئىكەن. كۆلتېگىن كېلىپ، مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. دەھشەتلىك ئۇرۇشدىن كېيىن مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىنى تاشلاپ، چېكىنىشكە مەجبۇربولدى. ئۇرۇش ئاخشامغىچە داۋام قىلدى. تۈركلەر، مۇسۇلمانلارنى بۇخارادىن خېلى ئۇزاقلاشتۇردى. مۇسۇلمانلار بىر ئېقىندىن ئۆتۈپ توختىدى. كۆلتېگىنمۇ ئىگىز بىريەرگە چۈشتى. كېچىسى قۇتەيبە، تۈركلەر ئۈستىگە باسقۇن قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ۋەكىئى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئېقىندىن ئۆتۈپ، تۈركلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. غاپىل ھالدا ئوخلاۋاتقان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تۈرك ئەسكەر لىرى، پاراكەندە ھالدا قاچتى. مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يالغۇز قالغان كۆلتېگىن جىددى تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يارالاندى ۋە فەرغانىغا قاچتى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قۇتەيبەنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان بۇخارا، سەمەرقەنت، سوغد ۋە خىتلان خانلىرى جىزيە تۆلەش، ئۆز ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل بولۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇتەيبە بۇنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ ئۇتۇق دەپ بىلىپ، دەرھال ماقۇل بولدى. بۇ جايلاردىن جىزيە يىغىش ۋە خانلارغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا دا بىر ۋالىي ۋە يېتەرلىك ئەسكەرى كۈچ قالدۇرۇپ قۇتەيبە مەرۋىگە قايتتى.

بۇ ئارىدا شەرقتە توققۇز ئۇيغۇر ۋە خىتاي ئىسيانلىرى يۈز بەردى. چىندىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن قاپاغان قاغان، كۆلتېگىننى پايتەخت قاراقۇرۇمغا قايتۇرۇپ كەتتى.

ھىجرىنىڭ 93 ـ (مىلادى 712ـ) يىلى قۇتەيبە، خارەزمگە ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن خارەزم خانلىرى بىرلىشىپ، قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. جىزيە بېرىپ بويسۇنۇشقا مەجبۇربولدى. قۇتەيبە بۇندىن ئىلگىرىكى بىر ئۇرۇشتا ئىنىسى ئابدۇراھماننى ئەسىرئالغان تۈرك ئەسكىرىي قىسمىنىڭ 4000 ئەسكىرىنى زالىملارچە قەتلئام قىلىپ، قىرىپ تاشلىدى.

سەمەرقەنت خانى قۇتەيبە دىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتەردى ۋە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئەمما، مىلادى 712 ـ 713 ـ يىللىرى قۇتەيبە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، قايتا بېسىۋالدى. شەھەر ئىچىدە چوڭ بىرجامە مەسجىد بىنا قىلدى. ئىسلام تارىخىغا كۆرە، قۇتەيبەنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبە قازىنىشىدا، بۇخارا ۋە خارەزمدىكى مۇسۇلمان بولغان تۈركلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئابدۇللا ئىسىملىك بىرىنى سەمەرقەنتكە ۋالىي قىلىپ قويۇپ، قۇتەيبە ئۆزى مەرۋىگە قايتتى.

ھىجرىنىڭ 83 ـ ( مىلادى 713ـ) يىلى قۇتەيبە، يەنە نۇرغۇن كۈچ بىلەن كېلىپ، فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. خوجەنت خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، تېخىمۇ شەرققە قاراپ مېڭىپ، (كاسان» شەھىرىنى پەتھى قىلدى. تاشكەنت خانى ئۇرۇشماستىن تەسلىم بولدى.

مانا، يۇقىرىقىلار داڭلىق ئىسلام ئەرەب قوماندانى «قۇتەيبە بىن مۇسلىم» نىڭ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بارغان شانلىق پەتھلىرى. قۇتەيبە بۇ ئاخىرقى غەلىبىسىدىن باشقا بىر غەلىبە قازىنالمىدى. ھىجرى 96 ـ يىلدا، بىر رىۋايەتتە 97 ـ(مىلادى 715ـ) يىلدا ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## بىر تارىخىي ھەقىقەت

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىسلام تارىخلىرىنىڭ بەزىلىرىدە«قۇتەيبە ھىجرىنىڭ 96 ـ يىلى قەشقەرنى پەتھى قىلغان. ئۇچاغدا بۇ يۇرتلار چىن ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە ئىدى ۋە قۇتەيبە چىن ئىمپېراتورى بىلەن سۈلھى تۈزدى .....» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن ـ ئۇزۇن رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، ھېچ يۈزبەرمىگەن ۋە ئويدۇرما رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. ھەقىقەت شۇكى، ئۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستان «قۇتلۇق تۈرك» قاغانى قاپاغان قاغان ھۆكۈمرانلىقىدا مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، چىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتى. قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى ئېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسنى پەتھى قىلالمىغانلىقى تارىخىي تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بىر مەسلە. قۇتەيبەنىڭ مەرۋە شەھىرىدە، ھىجرىنىڭ 96 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە كۈچلۈك دەلىللەر بار. ئەگەر، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا بالدۇرراق كېلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى بۇرۇنراق ئىسلام دىنى بىلەن شەرەپلەندۈرگەنلىكى راست بولسا ئىدى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر پەخىر دەسمايىسى بولغان بولاتتى. لېكىن، تارىختا يۈز بەرمىگەن مۇنداق يالغان رىۋايەتلەرگە ئالدىنىپ، ئاساسسىز بۇ پەخرنى

قوبۇل قىلىش ئەيىپ بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھادىسىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

## يەنە بىر تارىخىي ھەقىقەت

ئىسلام تارىخلىرىنىڭ كۆپچىلىگىدە، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنى « ئىسلامنىڭ بۈيۈك فاتىھى» ، ئىسلامغا چوڭ خىزمەت قىلغان، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ خادىمى» دەپ، كۆرسەتكەن. لېكىن، ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ھەققانىيەت تەرەپتارلىرى ۋە بىتەرەپ تارىخچىلاربولسا، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنىڭ ئىسلام فاتىھلىرى(ئىسلام ئۈچۈن جىھاد قىلىپ غەلىبە قىلغان قوماندانلىرى) ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى توغرا. چۈنكى، ئەھنەف بىن قەيس ۋە مۇھەللەب بىن ئەبۇسۇفرە قاتارلىق ئىسلامنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرى قولغا كەلتۈرەلمىگەن غەلىبىنى، قۇتەيبە قولغا كەلتۈردى. تاخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋار تۈرك خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇيەرلەردە ئىسلامنىڭ بايرىقىنى تىكلىدى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن قۇتەيبەنى، مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بىركىشى دېيىش جايىز ئەمەس. چۈنكى، قۇتەيبە ئىسلام دۇنياسىدا مىسلىسىز زالىملىقى بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر «ھۇججاج زالىم» نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. زالىملىقتا، ناھەق قان تۆكۈشتە ھۇججاجدىن ھېچ كام قالمىغان دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇ، تۈرك يۇرتلىرىدا تەسلىم بولغان تۈركلەرنى، باشقىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋە ئىبرەت بولسۇن دەپ، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قەتلىئام قىلىپ، بىگۇنا كىشلەرنى بىرىنمۇ ساق قويماي ئۆلتۈرگەن. شەھەرلەرنى بولاپ ـ تالاپ ئوت، قويۇپ ۋەيران قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلقنىڭ ئىسلامدىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەپ بولىدىغان، ۋەھشىلەرچە قىلمىشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسيانىڭ ئەڭ باي ۋە تەرەققى قىلغان شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان، بايكەنت شەھرىنى ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتى. تاخارىستاننى پەتھى قىلغاندا، تالقان شەھرىنىڭ پۈتۈن ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلدى. ياراغلىرىنى تاشلاپ، تەسلىم بولغان مىڭلارچە ئىنسانىنى شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېسىپ قويۇپ، ئۆلتۈردى. قۇتەيبىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش زۇلۇم ۋە قەتلىئام قىلغانلىقىنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرى تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىنسانىيەت قانۇنلىرىدا مەنئى قىلىنغان تەسلىم بولغانلارنى ئۆلتۈرۈش، خەلقنى ئەسىرگە ئېلىش، شەھەرنى بۇلاپ تالاش، ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىشتەك قەبىھ قىلمىشلىرى تۆپەيلىدىن تۈركلەردە ئىسلامغا قارشى بىر نەپرەت ھىسسىياتى تۇغۇلغان. بۇ زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك ئىچىدە، مۇسۇلمانلاردىن نەپرەت قىلىپ، ھەردايىم ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان تۈركلەر قۇتەيبەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان (ھىجرىنىڭ 96 ـ مىلادىنىڭ 714 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. پەقەت سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدە ئەرەب ئەسكەرلىرى كۆپ بولغانلىقىدىن ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىگى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى شەھەرلا

ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە قالدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى باشقا ماجرالارنى نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەقەلىرى

قاپاغان قاغان، 24 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاسىيادا كۆكتۈرك دۆلىتىنى يېڭىدىن تىرىلدۈردى. مىلادى 709 - يىلى كۆلتېگىن بۇخارا سوقۇشىدىن يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاپاغان قاغان ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن چىن بىلەن ئۇرۇش باشلىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن موغۇلىستاننىڭ غەربىدىكى توققۇز ئوغۇز ۋە مانجۇرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى خىتاي قەبىلىسى ئىسيان كۆتەرگەن ۋە قاغان بۇلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھىجرى86 - يىلى ھۇججاج خوراسانغا قوماندان قۇتەيبە بىن مۇسلىمنى ۋالىي قىلدى. قاپاغان قاغان، ھىجرى 97 (مىلادى716 -) يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قۇتلۇق قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگەخان قاغان بولدى. بىلگە قاغاننىڭ زامانىسىدا، بىزيۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنىسى كۆلتېگىن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. بىلگەخان، مىلادى 734 - يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا ئوغلى ئىچىن(ئىرەن) خان قاغان بولدى. ئىچىن خان مىلادى 739 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قۇتلۇق بىلگەخان قاغان بولدى. بۇ قاغان مىلادى 742 دە ۋاپات بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا چىن دۆلىتى كۈچلىنىپ، شەرقتە نۇرغۇن جايلارنى تارتىۋالدى. ئىچكى تەرەپتىن باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۆزمىش تېگىن قاغان بولدى. بۇقاغاننىڭ زامانىسىدا چىننىڭ ھۇجۇملىرى ۋە ئىچكى ئىسيانلار كۆپىيىپ، دۆلەت تازا ئاجىزلىدى. ھىجرىنىڭ 126 - (مىلادى 744-) يىلى ئۇيغۇر باسمىل ۋە قارلۇقلار بىرلىشىپ، ھۇجۇم قىلدى ۋە پايتەخت قاراقۇرۇم شەھىرىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 65 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇتلۇق تۈرك دۆلىتى يىقىلدى.

تۈركەش دۆلىتى خانى ئۆچئالا باغاتەرقاننىڭ، قۇتلۇق دۆلىتىنىڭ قاغانى قاپاغان قاغانغا بويسۇنغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ۋەزىيەت ئۆچئالا باغاتەرقاننىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى سۇئوقو(ساقال)خان، تەختكە چىقتى. لېكىن، ئىنىسى چانۇخان بىلەن تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، يۇرتتا ئېغىر ھالدا تىنچسىزلىق ۋە ۋەيرانچىلىق يۈز بەردى. قاپاغان قاغان بۇ ئىككى ئاكا-ئوكىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆچئالاباغاتەرقان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يىقىلدى. بۇلارنى «تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلۇشى» دېگەن بابتا تەپسىلى بايان قىلىمىز.

ھىجرىنىڭ 80 ـ(مىلادى699 ـ) يىلى قاپاغان قاغاننىڭ چىنلىقلارنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن يەرلىك خانلار قاپاغان قاغانغا تەۋە بولغان ۋە بۇ ۋەزىيەت ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم باشلىغان بولسىمۇ، مىلادى 714 ـ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان سۇلۇقاغاننىڭ غەيرىتى بىلەن چىنلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. شۇ تارىختىن باشلاپ، تاكى مىلادى 739 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان خانلىرى تۈركەش قاغانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مۇستەقىل ياشىدى.

## كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسى ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرى

كۆكتۈرك دۆلىتى، ئاسىيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ . شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى خاندانى بولغان قۇتلۇق قاغانلىقى دەۋرىدىن، بۇگۈن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، «ئورخۇن ئابىدىلىرى» دەپ، ئاتالغان مەشھۇر قەدىمكى تۈرك كىتابەلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ، قەدىمكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا غايەت چوڭ بىرخىزمەت كۆرسەتكەن[32] (بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن).

غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىگى سەۋەبى بىلەن ئومۇمىي تارىختا ئېغىمۇچوڭ ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ دۆلەت يالغۇزچىن بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ئىران (ساسانى) دۆلىتى. روما (بىزانس، رىم) ئىمپېراتورلۇقى قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ دۆلەتلەرگە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەلچىلىرى كۆكتۈرك ئوردىسىدا تۇرغان. كۆكتۈرك دۆلەتلىرى مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يالغۇ چىن ئىمپېراتورلۇقىنى دەھشەتكە سېلىپلا قالمىدى، شۇنداقلا، ساسانى ۋە ئەمەلىيەتتە بىزانسنىمۇ تىترەتكەن قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

### ئىچكى سىياسەت

يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۈچ قۇدرەت تاپقان كۆكتۈرك دۆلىتى، بىر ئەسىردەك مۇددەت ئىچىدە ھىنگان تاغلىرىدىن ۋۇلگا(ئىدىل) دەرياسىغىچە ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ھىندىستان چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تۈرك قوۋملىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ. ئىدارە قىلدى. بۇ جايلاردىكى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى ساقلاپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئورناتتى. بۇ تىنچ

[32] كىتابە ـ قەدىمكى زاماندىن قالغان تاشقا ئويۇپ يېزىلغان يازما يادىگارلىق. تاش پۈتۈك (ن. ش. ھ. ).

پاراۋانلىق ۋە تەرتىپ ئىنتىزاملار نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن چىن، ئىران، ھىندىستان ۋە رۇم قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى جانلاندۇردى. بىر ـ بىرلىرى بىلەن سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىپ، بۇجەھەتلەردە ئۆزئارا پايدىلىنىشقا ياخشى ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلدى. ئىران ۋە رۇم (رىم) نىڭ مەدەنىي مەھسۇلاتلىرىنى، تىجارەت ماللىرىنى توشۇغان چوڭ ـ چوڭ كارۋانلار تۈرك يۇرتىنىڭ ئىچىدىن ئۈزۈلمەي بىخىرامان ئۆتۈپ، تاكى چىن ۋە ياپونىيىگىچە قاتناپ تۇردى ۋە ئۇ يەرنىڭ ماللىرى غەرب دۇنياسى بازارلىرىغىچە يېتىپ باردى. بۇ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، يالغۇز سودا ـ سانائەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بىرمۇنچە ئىدىيە ۋە دىنىي ئېتىقاتلارمۇ مىللەتلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئىراندا راۋاج تاپقان مانى دىنى ۋە ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، تەرەققى قىلدى. ۋە چىنغا تارقالدى. بۇ تەرەققىياتلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ، تۈرك يۇرتلىرىدىكى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ مۇستەھكەم ئورنىتىلغانلىقى، جەمئىيەتتىكى تەرتىپ ئىنتىزامنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە سىياھەت ـ تىجارەت ئەركىنلىكىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

## دۆلەت تەشكىلاتى

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تەشكىلاتى ھۇنلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. كۆكتۈرك دۆلىتى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن باشقا تۈرك دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، خانلىقلار ۋە بەگلىكلەر ئومۇمىي ئىشلاردا بىر رەئىسنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە (كونفېدراتسىئون) دۆلەت بولۇپ، ھازىرقى دۆلەتلەردەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت تۈزۈمى ئەمەستى. تۈرك خانلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ كۆكتۈرك قاغانىغا تۆۋەندىكى ئىشلاردا بوي سۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى:

1 ـ يات دۆلەتلەربىللەن ئۇرۇش قىلغاندا، ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قاغانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

2 ـ يۇرتنىڭ ئومۇمىي تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە قاغانىنىڭ ئەمرى قاتتىق بولۇپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشلىرى لازىم ئىدى.

3 ـ خانلار ۋە بەگلەر قاغان خەزىنىسىگە ھەرىيلى بەلگۈلەنگەن مىقداردىكى تارتۇق (باج ـ سېلىق) نى ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

4 ـ قاغانىنىڭ تەستىقى بولماستىن، يات ئەللەربىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

ئۇنىدىن باشقا پۈتۈن ئىچكى ئىشلاردا ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى يەرلەردە مۇستەقىل ئىدى. قوشنا خانلىق ۋە بەگلىك بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ياكى سوقۇش قىلىش

ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا باغلىق ئىدى. مەنسەپ ئەۋلاتقا مىراس قالاتتى.

كۆكتۈرك دەۋرىدە، ئىلخان، يابغۇ، تېگىن، شاد (شات)، ئابىتشات، تەرخان (تارقان)، بۇيرۇق ۋە چور دېگەنگە ئوخشاش شەرەپ ئۇنۋانلار بارئىدى. قاغان جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادىلار«تېگىن، شات ياكى ئابىتشات» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تاش پۈتۈكلەردە يېزىلغان مەزمۇنلارغا قارىغاندا: «تېگىن» مۇتلەق شاھزادە دېگەنلىك بولىدۇ. تېگىنلەردىن بىرەر ۋىلايەتكە ۋالىي يا قەبىلىگە باشلىق بولغانلىرى «شات»، بىر قانچە ۋىلايەتكە ئومۇمىي ۋالىي ياكى بىر قانچە قەبىلىگە باشلىق بولغانلىرى «ئابىتشات» ياكى «ئىدىتشات» دەپ ئاتىلىدۇ. « يابغۇ» بولسا، مەملىكەتنىڭ بىر بۆلۈمىنى ئىدارە قىلىدىغان قاغاننىڭ ئورۇنباسارى دەرىجىدىكى شاھزادىلارغا مەخسۇس بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى «بۇيرۇق» ۋە «بەگ» دېگەن مەنسەپلەرگە بۆلۈنگەنىدى. قاغان جەمەتىدىن بولمىغان ئەمما، يۇرتتا يۈز ـ ئابرويى ۋە چوڭ ئىناۋىتى بولغان مەشھۇر زاتلار«ئىلخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئىلخاندىن كېيىن كېلىدىغان مەرتىۋىدىكى ئۇنۋانلار بولسا، تارقان، باغاتارخان (قان)، چور (قەبىلە بېگى) قاتارلىقلار دىن ئىبارەت ئىدى. غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە، ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات ۋە ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئول بولغان ئەمەلدار«تامغىچى» دەپ ئاتىلاتتى. مانا بۇ مەلۇماتلاردىن كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ناھايىتى مۇنتىزىم ئىنتىزاملىق بىر ئىدارى تەشكىلاتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق

كۆكتۈركلەر ھازىرقى موغۇلىستان ۋە ئالتايدا ياشىغان. ئاھالىسىنىڭ بىرقىسمى كۆچمەن ھالدا چارۋامال بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرگەن. بۇلار تېرىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ، يۈرگەن. بۇلارنىڭ بىرقىسمى، شەھەر ـ كەنتلەردە ياشاپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىق ۋە ئورمانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، يازدا يايلاققا چىقاتتى. «كۆكتۈركلەر دەۋرىدە موغۇلىستان ۋە ئالتايدا شەھەر يوقتى» دېگەن رىۋايەتلەر يالغان. چۈنكى، ئورخۇن، سېلىنگا، ئونۇن، كىرولىن، ئىنفرا(ئانگارا)، ياما (يەنسەي) ئىرتىش ۋە باشقا ئېقىن بويىلىرىدا يۈزلەرچە چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر ۋە ئاۋات جايلار بار ئىدى. ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنىڭ خارابىلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەھەرخەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، كارۋانچىلىق قىلىپ، ئۇزاقلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستى. زىرائەت ۋە باغلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن، ئېرىق ئۆستەڭ ۋە ئازما(توسما) قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلارنى ياسايدىغان ماھىر ئۇستالارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى چىنلىقلار نىڭكىگە بىر ئاز ئوخشاپ قالاتتى. ئەمما، چىنلىقلار ئەكسىچە، تۈركلەر، پەشلىرىنى ئوڭدىن سولغا قىلىپ يۆگەيتتى. چاچلىرىنى چۈشۈرمەي ئۇزۇن

قويۇۋېتەتتى. ھەممەكىشى ئاتقا مىنىشكە ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. تۈركلەرنىڭ كەسكىن قىلىچلىرى، ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسىغان ئوقيالىرى ۋە ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلىرىنىڭ داڭقى ھەرتەرەپكە تارقالغان ئىدى. ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتباھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن زىرە-مونچاق قوللىناتتى. قىمىز ۋە ئارپا ھارىقى ئىچەتتى.

كۆكتۈركلەر، جەڭگىۋار تەبىئەتلىك بولۇشى بىلەن تەڭ، ئىنسانپەرۋەر ۋە رەھىمدىل ئىدى. شۇ چاغلاردىكى «ئاسۇر» ۋە «كىلدان» دېگەن مىللەتلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە يېزىلغان، خاتىرىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە يۇرگۈزگەن قەتلىئام، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە بۇزغۇنچىلىق، يوقىتىش، قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى پەخىرلەنگەن ھالدا يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن، تۈركلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە بۇنداق نەرسىلەر ھېچ ئۇچرىمايدۇ. ئۆزىنى تەڭدىشى يوق مەدەنىي بىرمىللەت دەپ ئاتىۋالغان چىنلىقلارنىڭ تارىخىغا بىر قارايدىغان بولساق، مەيلى ئۆز جايلىرىدا بولسۇن، مەيلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جايلاردا بولسۇن ئېلىپ بارغان قەتلىئاملىرى، بۇزغۇنچىلىق، يوقىتىش قاتارلىق ۋەھشى قىلمىشلىرىنىڭ مىساللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان.

## ھۈنەر - سانائەت

كۆكتۈركلەر ئەرگەنەقۇن دىكى چاغلىرىدا، كاندىن تۆمۈرجەۋھىرى (رودىسى) چىقىرىپ، تۆمۈردىن ھەرخىل ھەربىي قورال، ئەسۋاپ - سەرەمجانلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا تازا ۋايىغا يەتكەنىدى. چىن تارىخلىرىغا كۆرە كېيىنچە، كۆكتۈركلەرنىڭ تەۋەلىكىدىكى جۇجان تاتارلىرى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، بۇ سانائەتتىن بەك پايدىلانغان ئىكەن. كۆكتۈركلەر قاغانلىق قۇرغاندىن كېيىن، بۇ سانائەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغانىكەن. بۇ قاغانلىق دەۋرىدە، موغۇلىستان ۋە ئالتاي خەلقى ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەرنى كەشپ قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ، باشقا مىللەتلەرگە سېتىشقا باشلىغان. شۇچاغدىكى تۈرك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە، مىلادى 669 - يىلى رىم ئىمپېراتورى جۇستىنىيان (جۇستىنۇس) تەرىپىدىن غەرب يابغۇسى ئىستىمى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى زىمارك (زىمارخ) نىڭ قاغان ئوردىسىدا كۆرگەنلىرىدىن يازغان خاتىرىسى بۇلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئۇخاتىرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «.... تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ نازۇكلىقى، چىرايلىقلىقى ۋە سەنئەتتىكى ئۇستىلىقى، رىم ئىمپېراتورلۇقىدا ياسالغانلىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. مەن ئىستىمى خاننىڭ، بىر قانچە ئوردىسىدىكى ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالدىم. مېنى ئىستىمى خان، تەنتەنىلىك بىر مۇراسىم بىلەن ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلدى. ئوردىسى پۈتۈنلەي يىپەك زىلچە، يىپەك كۆرپە - ياستۇق ۋە يىپەك پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىستىمى خان ، مېنى بۇ ئوردىدا، ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ، قوبۇل قىلدى.

ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك بىزىلىشى، رىم ئىمپىراتور سارايلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ يەردە بىرنەچچە قۇمغان (ئاپتۇۋا) كۆردۈم. بۇ قومغانلارنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق نەقىش ۋە رەسىملەر بەكمۇ ئۇستالىق بىلەن ئويۇلغان. ئوردىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان. ئوتتۇرىدا تۆرت ئالتۇن توز قوش ئۈستىگە ئورنىتىلغان غايەت ھەشەمەتلىك بىر ئالتۇن تەخت تۇرىدۇ. ئوردىدىكى ئالتۇن قاچا - قۇمۇشلارنى، قىممەت باھالىق بىسات - سەرەمجانلارنى ۋە ئالتۇن كۆمۈشتىن ياسالغان ھايۋان سۈرەتلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلدىم. تۈركلەرنىڭ بۇخىل مەدەن مەھسۇلاتلىرىدىن ياسىغان ھەرخىل ئەسۋاپ، قورال - ياراغ ۋە باشقا جابدۇقلارنى تۈرك يۇرتلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچراتتىم».

## تىجارەت

كۆكتۈرك زامانىسدا تۈركلەرنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ئەڭ تەرەققى قىلغان دەۋر ئىدى. بىزانتىيە(رىم)، ئىران، ھىندىستان ۋە چىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىجارىتى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ سودىگەرلىرى بولغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بولۇپمۇ، چىننىڭ يىپەك رەخلىرى، تاۋار، دۇردۇن ۋە كىمخاپ قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلىرىنى يالغۇز تۈركىستان سودىگەرلىرى، قۇرۇغلۇقتىكى كارۋان يولى بىلەن رىم، ئىران ۋە ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يۇرتنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تۈركىستان ۋە چىن بازارلىرىدا ساتاتتى. تۈركلەرنىڭ تاشقى سودىدىكى بۇ تەرەققىيات بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەر ھازىر شۇمەملىكەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ياپونىيەنىڭ «ھارىۋىي» بۇتخانا مۇزېيىسدا، ساسانى ھۆكۈمدارى زامانىسدا ئېلىپ كېلىنگەن بىرمۇنچە قاچا - قۇچىلار ساقلانماقتا.

## دىن

بۇ دەۋردە تۈركلەر، قەدىمكى تۈركلەر ۋە ھۇنلارنىڭ دىنى بولغان «توبىن» ۋە شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كۆكتۈركلەر، ئۈستىدىكى ئاسماننى ۋە ئاستىدىكى يەر نى مۇقەددەس دەپ بىلىپ چوقۇناتتى. ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىمدا كۆككە(ئاسمانغا) ئىبادەت قىلاتتى. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا يېزىلغىنىغا قارىغاندا، تەڭرىنىڭ ئىسمى« تۈرك تەڭرىسى» دەپ ئاتالغان ۋە قاقىن ئوماي ئىسىملىك تەڭرىچىنىڭ بۇۋاق ۋە كىچىك بالىلارنى تەربىيەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. دېمەك، كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرى چىندە راۋاج تاپقان بۇددا ۋە مانى دىنلىرى تېخى بۇ يەردە تارقالمىغانىدى.

كۆكتۈركلەردە ئۆلۈم - يېتىمدە دەپنە مۇراسىمى ۋە ئايىن (دۇئا تەلەپ) لار«يۇغ» دەپ ئاتىلاتتى.

ۋاپات بولغان كىشى نەپەس ئۈزگەن ئۆيدە ياتقۇزۇلوپ، پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كېلىپ، بىرەر ئات، كالا ۋە ياكى بىرقوي چاغلىق هايۋان قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇندىن كېيىن، مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يېغىلىپ، ئۇلتۇرۇپ يىغى ـ زارە قىلىشقا باشلايتتى. بىردەمدىن كېيىن، هەممىسى قوپۇپ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، هەرقېتىم ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى باشلايتتى. ۋە پىشانىلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىپ، قان چىقىرىپ، ئاققان قاننى ياشلىرى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ماتەم بىلدۈرەتتى. دەپنە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇبارەك دەپ هېساپلىنىدىغان كۈنگىچە ساقلاپ، بىرقانچە كۈن ئارقىغا سوزۇلاتتى. بەزىدە كۈزدە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەرتىيازدا دەپنە قىلىنىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دەپنە قىلىش كۈنى كەلگەندە، ئالدى بىلەن مەرهۇمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئېتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ۋە باشقا ياخشى كۆرگەن نەرسە كېرەك ۋە قوراللىنى بىرگە دەپنى قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇراسىمغا هازىر بولغانلار توپلىشىپ، قەبرە ئەتراپىدا يەتتە ياكى توققۇز ئايلىنىپ، قوربانلىق قىلىش بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشاتتى. مەرهۇم هاياتىدا قانچە دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇنچە تاش ۋە ياكى «بالبال» دەپ ئاتالغان بېشى يوق ئادەم هەيكىلىنى قەبرە ئەتراپىغا تىزىپ قوياتتى.

## ئورخۇن ئابىدىلىرى

كۆكتۈركلەر زامانىسىدا، شەرق (موغۇلىستان) تۈركلىرى، ئۆز تارىخى هادىسىلىرىنى تاشقا، مۇنارغا ۋە تاش تاملارغا ئويۇپ يېزىپ، يادىكار قىلىپ قويۇش ئادىتى ئەۋج ئالغانىدى. بۇ يادىگارلىقلار ئابىدىلەر(مەڭگۇتاشلار)، كۆكتۈركلەرنىڭ تارىخىنى بىزگە يەتكۈزگەندىن باشقا شۇ چاغدىكى تۈرك تىلىنىڭ تەرەققى قىلىپ، ناهايىتى ئۈستۈن بىر ئەدەبىي سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ بۈگۈنگىچە تېپىلغانلىرىدىن مۇهىمراق بولغانلىرى، شىمالىي موغۇلىستاندىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى بويىدىكى خوشۇت ـ سايدام يېنىدا، بىركىلومېتىر ئارىلىقتا تېپىلغان ئىككى مەشهۇرمەڭگۇ تاشتۇر. بۇلاردىن بىرى، مىلادى 732 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشهۇر كۆل تېكىن مەڭگۈتېشى بولۇپ، مىلادى 732 ـ يىلى تىكلەنگەن. ئىككىنچىسى، مىلادى 734 ـ يىلى ۋاپات بولغان بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى بولۇپ، مىلادى 735 ـ يىلى تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۇتاشلارنىڭ تۆت تېمىغا، هازىر «ئورخۇن ئېلىپبەسى» دەپ نام بېرىلگەن قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى بىلەن تۈركچە خاتىرىلەر تاشقا ئويۇپ، يېزىلغان. بۇ يازما يادىگارلىقلار نىڭ كۆپرەگى قاغاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن يېزىلغان بولىشىمۇ بىرقىسمى، قاغان جەمەتىدىن بولغان ئۇلۇغ (يوللىغ) تېگىننىڭ ئاغزىدىن يېزىلغانلىقى بىلىنمەكتە. بۇ

يازما يادىكارلىقلاردا شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ چىنلىقلار تەرەپىدىن كېيىنكى ئىستىلا دەۋردە، چىنلىقلارنىڭ زۇلۇم ۋە كەمسىتىشلىرى، شۇچاغدىكى بەزى تۈرك بەگلىرى ۋە بايلارنىڭ ئومۇمىي تۈرك مىللىتىگە قىلغان خىيانەتكارلىقلىرى ۋە ئۇندىن كېيىن، ئىلتىرىش[33] قاغاننىڭ قانداق قىلىپ بۇ دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ، يېڭىدىن قۇرۇپ چىققانلىقى غايەت جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان.

بۇلاردىن بىرقىسمى چىنچە يېزىلغان. بۇ چىنچە قىسمى شۇ چاغدا كۆكتۈرك قاغانلىقىغا باج ـ سېلىق تۆلەپ، تەۋە بولۇپ تۇرغان چىن ئىمپېراتورى شۈەنزۇڭ نىڭ ئاغزىدىن يېزىلغان تەزىيە نامە ۋە مەدھىيىلەردىن ئىبارەت. شىمال تەرەپتىكى مەڭگۈتاشلاردىن ئىككىسىگە يېزىلغىنى بولسا، ئىلتىرىش قاغان، بىلگە قاغان ۋە قاپاغان قاغانغا ۋەزىر بولغان تونيۇقۇق بەگنىڭ ئاغزىدىن يېزىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە مەڭگۈ تاشلارمۇ تېپىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملار تەرىپىدىن ئوقۇپ يېشىپ چىقىلدى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن ئەدەبىي قىممىتى تېخىمۇ چوڭراق. بۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى خەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇزۇلۇپ ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن ئىككى پارچىسىنى، ئەسلى تۈرك بولغان فىنلاندىيەلىك ساياھەتچى ئالىم ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىپ، ھېلسىنكى شەھىرىدىكى مىللىي مۇزېيغا قويغان. بۇلاردىن بىرقانچە نۇسخىسىنى تاپتىم، ئىنشائاللا ئۆز لەھجىمىز بىلەن نەشىر قىلىمەن.

10 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى تۈركەش دۆلىتى

(ھىجرىنىڭ 97 ـ 122، مىلادىنىڭ 716 ـ 739 ـ يىللىرى)

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغان، مىلادى 711 ـ يىلى تۈركەش جەمەتى دۆلىتىنى يىقىتقاندىن كېيىن، بۇ دۆلەت قارىمىقىدىكى باشقا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئايرىلىپ، توپ ـ توغرا قاغاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولدى. بۇئوتتۇرىدا، تۈركەش قەبىلىسىگە سۇلۇخان قەبىلە باشلىقى بولدى. سۇلۇخان قابىلىيەتلىك قەھرىمان بىر كىشى بولۇپ، قاغانغا سادىق كۆرۈنۈپ، ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىدىكى بۇرۇنقى تۈركەش دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ تۇرغان قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە قىسقىغىنە زامان ئىچىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ۋەزىيەت قاپاغان قاغاننىڭ

[33] ئىلتىرىش قاغانى، ئېلتىرىش قاغان (ت. ئالماس،217 ـ بەت)، ئېلتەرىس قاغان، (ئە. بايتۇر 481 ـ بەت) دەپ ئالىدۇ.

ۋاپاتىغا توغراكەلدى ۋە مىلادى 716 ـ يىلى قاپاغان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلۇخان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇچاغلاردا قوچۇ(قۇچۇ) ۋە ئالتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ جايلاردىكى خەلقنى چىن ئاسارىتى خەۋپىدىن ساقلاپ قالدى. بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىن، سۇلۇ قاغاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ھىجرى 97 ـ (مىلادى 715ـ) يىلى سۇلۇ قاغان ، ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشماسلىق كېلىشمى ئىمزالىدى. تىبەتلىكلەر بىلەنمۇ چىنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلۇقاغان چىنلىقلارنىڭ قۇرقىدىغان دۈشمىنى بولۇپ قالدى. چىن دۆلىتى بولسا، ھەر پۇرسەتتە سۇلۇقا غانغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ تۇراتتى. سۇلۇقاغان، بۇنىڭ بىر سەممىمي دوستلۇق ئىپادىسى بولماستىن، مەجبۇرىيەت ئاساسىدا قىلىنىۋاتقان مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆرۈنۈشتە دوستلۇق كۆرسىتىپ، پەردە ئارقىسىدا چىنلىقلارغا ھەردائىم قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشتىن ھېچ تارتىنمايتتى.

## سۇلۇ قاغاننىڭ ئەرەپ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

قۇتەيبەبىن مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەزىد بىن مۇھەللەب خوراسان ۋالىيسى بولدى. سۇلەيمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا يالغۇز سوغدىيانا ئۆلكىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، تاخارىستان، فەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ خانلىرى ھەممىسى سۇلۇ قاغاننىڭ ئالى ھاكىمىيىتىگە قارايتتى. سۇلۇقاغاننى ئىسلام تارىخلىرىدا «خاقان الترك» يەنى، تۈركلەرنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدۇ. يەزىد بىن مۇھەللەب تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشماسلىق بىتىمنامىسى ئىمزالىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىسىدا تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش بولمىدى. ئۇچاغلاردا مۇسۇلمانلار كافكاز تەرىپىدىكى «خازار» دېگەن تۈرك قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشماقتا ئىدى. ھىجرى 99ـ (مىلادى 718 ـ) يىلى، سۇلەيمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولدى. بۇ زاتنىڭ زامانىسىدىمۇ ئەرەپ ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بىر ۋەقە بولمىدى.

پەقەت، سەمەرقەنتلىكلەر ، ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا بىر ھەيئەت يوللاپ « قۇتەيبە بىزگە غەدىر(ھەقسىزلىق) قىلىپ، بىز تەسلىم بولۇپ، ئىتائەت قىلغاندىن كېيىنمۇ سۆزىدە تۇرماي بىزنى قەتلىئام قىلىپ ئۆلتۈردى، شەھەرلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلدى، يەرلىرىمىزنى تارتىۋالدى، بىز تارتىۋالغان ھەق ۋە ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلىمىز!» دەپ ئەرز قىلدى. ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىز بۇنى ئاڭلاپ سەمەرقەنت ۋالىيسى سۇلەيمان بىن ئەلسۇرھىگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق يازدى: « سەمەرقەنت خەلقى قۇتەيبەبىن مۇسلىمنىڭ زۇلمى ۋە خەلقنى يېرىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى توغرىسىدا ماڭا

شىكايەت قىلدى. مىنىڭ بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال قازىنى بۇلارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ھەق قايسى تەرەپكە بولسا(كىمنىڭ دېگىنى توغرا بولسا) شۇ تەرەپنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئەمر قىلىسەن. ئەگەر سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ دېگىنى توغرا بولسا قۇتەيبە بىن مۇسلىم غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرىكى يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى تۈرغۈزۈڭلار. سىلەرمۇ دەرھال شۇ چاغدىكى ئەسكەرگاھىڭلارغا چېكىنىپ چىقىڭلار». بۇيرۇق يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋالىي سەمەرقەنت قازىسىنى بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا تەيىنلىدى. قازى «سەمەرقەنتلىكلەرمۇ ئەرەبلەرمۇ ئارىلىرىدىكى پۈتۈن سۈلھى كېلىشىملىرىنى بىكار قىلسۇن ۋە بۇرۇنقى ئەسكەرگاھلىرىغا چېكىنسۇن. ئۇندىن كېيىن سۈلھى قىلسۇن ياكى ئۇرۇش قىلسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى. سەمەرقەنت ۋە پۈتۈن سوغدىيانا ئۆلكىسىنىڭ كاتتىلىرى، بۇنداق قىلغاندا چوقۇم ئۇرۇش بولىدۇ ۋە ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنىڭ نېمە بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەگەر، ئەرەبلەرغالىپ بولسا، بىزگە يېڭىدىن دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بېشىمىزغا تېخىمۇ چوڭراق بالايى ـ ئاپەت كېلىدۇ دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ شىكايەتلىرىدىن ۋاز كەچتى ۋە تالاش ـ تارتىشنى توختاتتى. ئىسلام تارىخچىلىرى ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئادالەت دەپ باھا بېرىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق بولسىمۇ، سوغدىيانا تۈركلىرىگە بۇ ئادالەتنىڭ بىر پايدىسى بولمىدى. ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، (ھىجرى 101 ـ مىلادى 719 ـ يىلى) تۈركلەر ئەرەبلەرگە بويسۇنۇشنى تاشلاپ، پۈتۈن سوغددىكى ئەرەب ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان خوراسان ۋالىيسى سىيد ئەلخەرىشى ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بىلەن كېلىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. قەتلىئام ئېلىپ بېرىپ، شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. سوغد خەلقى تۈگەپ كېتىشكە ئاز قالدى. بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى.

سۇلۇ قاغان، سوغدىيانا تۈركلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرىنىڭ 103 ـ (مىلادى 721 ـ) يىلى سەمەرقەنتكە ھۇجوم قىلدى. ئەرەبلەر بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. ھىجرى 106 ـ (مىلادى 725 ـ) يىلى مۇسلىم بىن سەئىد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب ئەسكەرلىرى پەرغانىغا ھۇجۇم قىلىپ، خوجەند شەھىرىنى ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلۇقاغان، تالاستىن يۈرۈش قىلىپ، مۇسلىم بىن سەئىدنى مەغلۇپ قىلدى ۋە خوجەندنى تارتىۋالدى. خوجەند ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا، سۇلۇقاغاننىڭ ئەسكەرلىرى مۇسلىم بىن سەئىدنى ئەسكەرلىرى بىلەن قورشاۋغا ئالغان. ئەرەبلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋنى يېرىپ قاچتى. ھىجرىنىڭ 108 ـ يىلى خوراسان ۋالىيسى ئەسئەد بىن ئابدۇللا ـ ئەلقەسرى، ئامۇ دەرياىدىن ئۆتۈپ، ماۋەرائۇننەھردە چوڭ بىر ئەسكىرىي ھەرىكەت باشلىماقچى بولدى. بۇنىڭغا قارشى سۇلۇقاغان يېتىپ كېلىپ، ئەسئەتكە قاتتىق زەربە بەردى ۋە ئەرەبلەر ئارقىغا چېكىندى. قاغانمۇ

قايتىپ كەتتى. شۇئارىدا، ئەسئەد بىن ئابدۇللا ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئەشرەس بىن ئابدۇللا ۋالىي بولدى.

ئەشرەس ۋالىي بولغاندىن كېيىن، «ئەبۇسىسەيد ئەسلەھ بىن تەرىف» ئىسىملىك مەشھۇر دىنى ئالىمنى ماۋەرائۇننەھرىگە تۈركلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەسلەھ بىن تەرىف، خەلققە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇچۇق بايانلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ تەبلىغ قىلدى. بۇ دەۋەت نەتىجىسىدە تۈركلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەق بىردىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتكە بەخت سائادەت ۋە كامالەتكە يېتىشنىڭ يولىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىنتايىن زوق - شوق بىلەن مۇسۇلمان بولغىلى باشلىدى. ھەر يەردە مەسجىدلەر سېلىندى، قۇرئان ئوقۇش ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش باشلاندى. ئىككى يىل ئىچىدە سوغدىيانا خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولدى. شەرىئەتگە ئاساسەن، مۇسۇلمان بولغانلاردىن جىزيە ئېلىنمىدى. نەتىجىدە، خەلىپىلىك مەركىزى(شامدىكى) خەزىنىسىنىڭ كىرىمى بىردىن ئازلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىكنىڭ مالىيە ئىدارىلىرىدىكىلەر قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى ۋە ۋالىي ئەشرەسگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق يوللىدى: «مالىيەنىڭ كىرىمى ئازلاپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئىقتىساتقا باغلىق. ئاڭلىشىمىزچە، سۇغدىيان ۋە باشقا يۇرتلاردىكى جىزيە تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولغانلار(مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالار) ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولماي، پەقەت جىزيە بېرىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانمىش. سىز بۇلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، خەتنە قىلغان، پۈتۈن پەرز لەرنى ئادا قىلغان ۋە قۇرئاننى ياد ئالغان كىشىلەردىن جىزيە ئالماڭ. ئۇندىن باشقىلاردىن، بىز مۇسۇلمان دېگىنىگە قارىماي ھەممىسىدىن جىزيە ئېلىڭ». بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار تۈرك مۇسۇلمانلاردىن جىزيە تەلەپ قىلغىلى باشلىدى. تۈرك مۇسۇلمانلار بولسا جىزيە بېرىشنى رەت قىلدى. ئەسلەھ بىن تەرىف ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مۇسۇلمانلاردىن جىزيە ئالماق شەرىئەتكە خىلاپ دەپ ئېلان قىلدى. ئەمەلدارلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن زورلۇق بىلەن جىزيە ئېلىشتا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلەھ بىن تەرىف، ھەقىقەت تەرەپتارلىرى بىرقىسىم ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمان تۈركلەر بىرلىشىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتەردى. ۋالىينىڭ سەمەرقەنتتىكى ۋەكىلى ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، ئەسلەھ بىن تەرىف ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەرەب ۋە تۈركلەرنىڭ كاتتىلىرىنى تۇتۇپ قامىدى. بۇ ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇمغا تاقەت قىلالمىغان پۈتۈن سوغدىيانادىكى تۈرك مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسلىم تۈركلەر بىرلىشىپ، سۇلۇ قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھىجرىنىڭ 110- (مىلادى 728-) يىلى سۇلۇ قاغان ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا كېلىپ، پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق سوغدىيان تۈركلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە پۈتۈن سوغدىيانا ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئەرەبلەرنى ھەيدەپ چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەشرەس،

مەرۋىدىن يۈرۈش قىلىپ، ئامىل شەھىرى يېنىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. سۇلۇ قاغانمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئەشرەسنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چېكىندى. يەنە كۈچ توپلاپ، قايتا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قېتىم قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، بايكەنت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. تۈركلەر ئەشرەسنى بايكەنتتە مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە شەھەرگە كىرىدىغان سۇنى توختىتىۋالدى. ئەرەب ئەسكەرلىرى سۇسىزلىقتىن ئۆلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر ئۆلۈمنى باشلىرىغا ئېلىپ، قاتتىق بىرھۇجۇم بىلەن مۇھاسىرىدىن چىقىپ سۇنى قولغا چۈشۈردى ۋە تۈركلەرنى شەھەر ئەتراپىدىن ئۇزاقلاشتۇردى. سۇلۇقاغان ئەرەبلەرنى غەربىي تۈركىستاندىن چىقىرىش ئۈچۈن، بايكەنت ۋە سەمەرقەتنى ئۆزھالىغا قويۇپ، باشقا يول بىلەن خوراسانغا ھۇجۇم قىلىپ، خوراساننىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى بولغان كەمەرچە شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. شەھەردىكى مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى. ئاخىرى، قاغان مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرنى تاشلاپ، چىقىپ كېتىشگە ماقۇل بولدى. ياردەمسىز قالغان مۇسۇلمانلار شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن ئەشرەس يەنە كېلىپ، كەمەرچىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. كەمەرچە شەھىرىنى بىتەرەپ شەھەر دەپ ئېلان قىلىپ، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ھەرئىككى تەرەپ ئۆزمەركەزلىرىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا قېلىپ، پەرغانە، قارا تېگىن، تاخارىستان ۋە سوغدىيانانىڭ كۆپ قىسمى سۇلۇقاغان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. ھىجرىنىڭ 111 ـ (مىلادى729 ـ) يىلى ئەشرەس ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئورنىغا جۇنەيد بىن ئابدۇراھمان ۋالىي بولدى. جۇنەيد، ھىجرى 111 ـ يىلى تاخارىستان (تۇخارىستان) غا غازات يۈرۈشى باشلىدى. سۇلۇ قاغان بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋغا ئالدى. سەمەرقەنت ئەمىرى «سەۋرە بىن ئەلھەرقان» تۈركلەرگە كۈچى يەتمەسلىكىنى چاغلاپ، جۇنەيددىن تېز ياردەم تەلەپ قىلىپ، قاناتلىق خەت ئەۋەتتى. جۇنەيد، بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ توخارستانغا يۈرۈش قىلىشنى قويۇپ، سەمەرقەنتكە قاراپ ماڭدى. سەمەرقەنتكە تۆت فەرسەخ يول قالغاندا ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى ۋە جۇنەيد ئەسكەرلىرى بىلەن مۇھاسىرىگە چۈشتى. جۇنەيد، سەمەقەنت شەھىرى ئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغان سەۋرە بىن ئەلھەرگە تۈركلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن(شەھەردىن) تۇيۇقسىز چىقىپ، ھۇجۇم قىلىشقا ئەمر قىلدى. سەۋرە، بىركېچە 10,000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن تۇيۇقسىز مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، تۈركلەرگە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەر ئاساسى كۈچىنى ئارقىدىن كەلگەن بۇ ھۇجۇمغا قاراتقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇنەيد مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ئەمما، سەۋرە بىن ئەلھەرقان،10,000 ئەسكىرى بىلەن بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان جۇنەيد، سەمەرقەنتكە كىرىپ، كۈچىنى توپلاپ مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ ۋەزىيەتتە سۇلۇ قاغان سەمەرقەنتنى قويۇپ، بۇخاراغا ھۇجۇم

قىلىپ ئىشغال قىلدى. جۇنەيد، سەمەرقەنتنى تاشلاپ، ئۆزى ساق سالامەت چىقىپ كېتەلىشى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى سەمەرقەنتتە تۇرۇپ، قاغانغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشتىمۇ تۈركلەرگە كۈچى يەتمەي پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خوراسانغا ئارقىمۇ - ئارقا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ ياردەم كەلگەندىن كېيىن جۇنەيد، سەمەرقەنتتىن چىقىپ، ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خوراسانغا قاراپ ماڭدى. قاغان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تۈرك خانلىرىدىن بىرىنىڭ قوماندانلىقىدا زور بىر قوشۇن يوللىدى. ھەرئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى تار بىر جىلغىدا ئۇچرىشىپ شىددەتلىك توقۇنۇشتى . ئۇرۇشتا تۈركلەرنىڭ قوماندانى ئۆلگەنلىكتىن تۈركلەر پاراكەندە بولۇپ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇنەيد خوراسانغا قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇخارانى تارتىۋالدى. سۇلۇ قاغان تالاسقا قايتىپ كەتتى. خوراساندىكى ئەرەبلەر، تۈركەش قاغانى ۋە جۇنەيد ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇشتا غالىب بولغانلىرىدىن پەخرلىنىپ بۇ ئۇرۇشنى«يوم الشعب » مۇھارىبىسى دەپ ئاتىدى.

ئەرەب تارىخچىلىرى بۇ ئۇرۇشتا قاغانىنىڭ بىرئوغلى ئەسىرگە ئېلىنغان، جۇنەيد ئۇنى خەلىپەھۇششامغا يوللاپ بەرگەن دەپ يازىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، خوراساندا ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارچىقىپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ قالغان ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھرىگە تاجاۋۇز قىلالمىدى. سۇلۇ قاغانمۇ ئالتە يىلغا قەدەر تىنچ ئۆتتى. ھىجرىنىڭ 118 -(مىلادى 736) - يىلى خوراسان ۋالىسى ئەسئەد بىن ئابدۇللا ئەلقەسرى، قاراتېگىن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە قەلئەنى ئىگەللىۋالدى. سۇلۇقاغان دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئەسئەدنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئەسەد قىلىچتىن ئېشىپ قالغان بىرقىسىم ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن قاچتى ۋە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ شەھرىدە توختىدى. سۇلۇقاغان ئەسئەدنى قوغلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە بەلخ شەھرى يېقىنلىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەر لىرىگە ئېغىر زەربە بەردى. كېيىنچە، قاغان ئامۇ دەرياسى بويىدا مۇداپىئە قىسىملىرىنى قويۇپ ئۆزى تالاسقا قايتتى.

بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرى ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ۋە توخارىستان (بەدەخشان ۋە قەتەغەن) دىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرى سۇلۇ قاغانىنىڭ ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولدى. مانا بۇ تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئەڭ كېڭەيگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. (11 - خەرىتىگە قاراڭ)

## سۇلۇقاغاننىڭ ۋاپاتى ۋە تۈركەشلەر ئىچىدىكى ئىچكىي قالايمىقانچىلىقلار

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركەش دۆلىتى، 10 قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بىر ئىتتىپاقداش دۆلىتى ئىدى. غەرب تەرەپتىكى بەش قەبىلە، بىۋاسىتە قاغانغا قاراشلىق بولۇپ «قاراتۈركەش» يەنى، غەربىي تۈركەش دەپ، ئاتىلاتتى. ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى (ئىلى، ئالتاي بەشبالىق، بارىكۆل ۋە ئىملىدىكى) بەش قەبىلە بولسا، «باغاتارقان» ئۇنۋانلىق بىر ئومۇمىي ۋالىينىڭ قارىمىغىدا بولۇپ قاغاننىڭ ئالى ھاكىمىيىتىگە تەۋە ئىدى. بۇلار «سېرىق تۈركەش»، يەنى، شەرقىي تۈركەش دەپ ئاتىلاتتى. سۇلۇ قاغان، مىلادى 736 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشلىرى بىلەن بولۇپ، قاغانلىق مەركىزىدىن ئۇزاقلاشقان كۈنلەردە سېرىق تۈركەشلەرنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى كۆلچۇر باغاتارقان خېلى نۇپۇز پەيدا قىلىپ، قاغانلىق تەختىنى قولغا ئېلىش ھەۋىسىگە چۈشتى ۋە مەخپىي ھالدا سېرىق تۈركەشلەرنى ئەتراپىغا يىغىشقا باشلىغانىدى.

ھىجرىنىڭ 121 ـ (مىلادى 738 ـ) يىلى سۇلۇ قاغان ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشىدىن غەلىبىلىك بىلەن پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە، كۆلچۇر باغاتارقان كۆرۈنۈشتە قاغاننى زىيارەت قىلىش مەقسىدىدە، لېكىن، پۇرسەت تاپسىلا قاغاننى يوقىتىش نىيىتى بىلەن، يېنىغا ئىشەنچلىك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، توخماق شەھىرىگە كەلدى ۋە قاغاننى زىيارەت قىلدى. بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىر كېچە ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، قاغاننى ئۆلتۈردى. ئىسلام تارىخلىرىدا، خوراسان ۋالىسى ئەسئەد، سۇلۇ قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت ئەرەبلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بۇ ۋەقەنى دەرھال خەلىپە ھىشامغا مەلۇم قىلغاندا، خەلىپە بۇ كۈچلۈك دۈشمەندىن قۇتۇلغانلىقىغا خوش بولۇپ، شۈكران سەجدىسى قىلغانلىقىنى يازىدۇ.

سۇلۇقاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قارا تۈركەشلەر كۆلچۇرغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا ۋە سېرىق تۈركەشلەر ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىنلىقلار كۆلچۇرگە ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزدى. چىن ياردىمى بىلەن كۆلچۇر باغاتارقان، قارا تۈركەشلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بويسۇندۇردى ۋە مىلادى 739 ـ يىلى ئۆزىنى تۈركەش قاغانى ئېلان قىلدى.

سۇلۇ قاغاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تۈركەشلەر ئىچىدە چىققان قالايمىقانچىلىقنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خوراسان ۋالىيسى ئەسەد بىن ئابدۇللا مىلادى 737 ـ (ھىجرى119ـ) يىلى قاراتېكىن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە قەلئەنى قولغا چۈشۈردى. نەتىجىدە قاراتېكىننىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. ئەرەب ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر ئىنساننى ئەسىر ئېلىپ، كۆزى كۆرگەن ھەرنەرسىنى

ئولجا ئېلىپ ماڭدى. كۆپلىگەن خەلق شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەسئەد ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى. ئورنىغا «نەسرىبىن سەييار» ئىسىملىك كىشى ۋالىي بولدى. نەسىر بىن سەييار توخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرخانلىرى بىلەن كۆپ ئۇرۇشتى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە غالىب بولدى. مىلادى 743ـ ( ھىجرى 125 ـ) يىلىغىچە پۈتۈن تاخارىستان، سوغدىيان، قاراتېكىن، پەرغانە ۋە تاشكەنتتىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئەرەب ئىسلام دۆلىتىگە جىزيە بېرىش شەرتى بىلەن بويسۇندۇردى.

نەسىر بىن سەييار، خوراسانغا ۋالىي بولۇپ، تۈرك يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرگەن ئەرەب ۋالىيلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىنساپلىق ۋە دىنداررىاق بولغان بىركىشى ئىدى. غەربىي تۈركىستان خانلىرىنىڭ جىزيە تۆلەپ بويسۇنۇشلىرىغا قانائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقا مال ـ مۈلكلىرىگە قول ئۇزاتمىدى ۋە تۈركلەرنى ئۆزىگە دوست قىلدى. بۇنىڭ زامانىسىدا، ئىسلام ئالىملىرى ماۋەرائۇننەھرىگە كۆپلەپ كېلىپ، تۈركلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يوللىرىغا مۇۋاپىق ياخشى تەبلىغ ۋە ئىلمىي يول بىلەن تەربىيە بېرىپ، ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولدى.

11 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستانغا يەنە چىن ئىستىلاسى

چىنلىقلار كۆلچۇر باغاتارقانغا ياردەم قىلىش باھانىسىدا، سېرىق تۈركەشلەرنىڭ شەرقىي تەرىپى(ئىمىل ۋە ئالتاي) دا يەرلەشكەن قارلۇق، ياغما ۋە توخسى قاتارلىق قەبىللەر ئارىسىغا كۆپلىگەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. بۇ قەبىللەر قەھرىمانلارچە ئۆز ئىستىقلالىنى مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ۋە كۆلچۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئۇرۇش باشلىدى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە، كۆلچۇر مەغلۇپ بولدى ۋەچىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرئېلىندى. مىلادى 744 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا ۋە سېرىق تۈركەشلەر چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. سىر دەريا ۋادىسىغىچە ۋە ئارال كۆلى، خەزەردېڭىزى بويلىرىغىچە تارقالغان پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. قۇچۇ ۋە ئالتى شەھەردىكى خانلىقلارمۇچىن ھاكىمىيتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

چىننىڭ بۇ ئىستىلاچى قوشۇنىنىڭ قوماندىنى ئەسلى كورىيە(چاۋشەن) لىك بولغان گاۋشەنجى ئىدى. ئىستىلا ئەمەلگە ئېشىپ بولغاندىن كېيىن، گاۋشەنجى پۈتۈن تۈرك يۇرتىغا ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. گاۋشەنجى كۆرۈنۈشتە مەركىزى ھۆكۈمەتكە قارايدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز

ئالدىغا بىر دىكتاتۇردەك ھۆكۈم سۈردى. پامىر تاغلىرىدىكى كانجۇت تىبەتلىكلەرنىمۇ بويسۇندۇردى.

تۈركلەرنىڭ بۇ پالاكەتكە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىدىن ئەرەب ئىسلام ئەمىرلىرى پۇرسەت بىلىپ، پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغانىدى (بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز). ئۇچاغدا شەرقىي تۈركىستان ھېساپلىنىدىغان تاشكەنت خانى، چىن ئىستىلاسىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن جىزيە بېرىش شەرتى ئاستىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەنىدى. خەلىپە تەرىپىدىن خوراسانغا ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن نەسىر بىن سەييار ،گاۋشەنجى بىلەن ئۇرۇشماسلىق توختامنامىسى ئىمزالىغان. مىلادى 737 - يىلى خوراساندا مەشھۇر «ئابامۇسلىم خوراسانى» نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، نەسىر بىن سەييارمەغلۇپ بولۇپ، 739 - يىلى تاشكەنت ۋە غەربىي تۈركىستان ئابامۇسلىمنىڭ قولىغا ئۆتتى.گاۋشەنجى بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادى 748 -(ھىجرى 131 -) يىلى تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. خانىنى ئەسىرئېلىپ، خەلقنى بۇلاپ - تالاپ دەھشەتلىك قەتلىئام قىلىپ، توخماققا قايتتى. تاشكەنت خانى چىنگە ئەۋەتىلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. خاننىڭ ئوغلى خوراسانغا قېچىپ بېرىپ. ئابامۇسلىمدىن ياردەم تەلەپ قىلدى

12 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى ۋە مىڭ يىلغىچە چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولغانلىقى

گاۋشەنجىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرىنى ئابا مۇسلىم ئاڭلىغان ھامان، ھىجرى 134- (مىلادى 751-) يىلى زىياد بىن سالىھ قوماندانلىقىدا چوڭ بىر قوشۇننى گاۋشەنجى ئۇستىگە يوللىدى. گاۋشەنجى قارلۇق قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ، زىياد بىن سالىھ بىلەن ئۇرۇشۇشقا يولغا چىقتى. تالاس شەھىرى يېقىنلىرىدا ئىككى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى. سەككىز يىلدىن بېرى چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان تۈركلەر بىرلىشىپ، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇستىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى.گاۋشەنجى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، جېنىنى ئېلىپ قاچتى. قالغان ئەسكەرلىرى تۈرك قىلىچى ئاستىدا جان بەردى.گاۋشەنجى شۇ قاچقانچە ھېچ يەردە توختىماي چىن چېگراسى ئىچىگە كىرىپ جېنىنى قۇتقازدى.كېيىنچە ئىمپېراتور تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولدى.گاۋشەنجىنى مەغلۇپ قىلغان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ تولاراقى، قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. چىنلىقلار بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن 1000 يىلدىن كۆپرەك بىر زامانغىچە تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرى 1172- (مىلادى 1759 -) يىلغىچە تۈركىستان خەلقى چىن ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم ياشىدى.